
شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首届新疆社科优秀期刊



4

1999

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

ISSN 1008-6498

07>

9 771008 649003

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





شائىر، دراماتورگ، يازغۇچى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئەپەندى تەۋەللۇتىنىڭ 60 يىللىقىنى مۇبارەكلەيمىز

- تەھرىراتتىن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئومۇمىي ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژورنال
48 - يىل نەشرى 1999 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 239 - سان)

# بۇ ساندا

## مەخسۇس سەھىپە

قالتىس غەمخورلۇق، غايەت زور ئىلھام ........................ چىن يەن، ئامىنە ئابدۇرېشىت 2
گۈللىنىۋاتقان كەسىپ - مەدەنىيەت ئاۋئىاماتكىسى يەلكەن تارتتى ........................ زۇنۇن قۇتلۇق 7

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئىككى ھېكايە ........................ مەمتىمىن ھوشۇر 10
قاتىلمۇ سەن، غاپىلمۇ............ (شېئىر) ........................ مۇھەممەتجان راشىددىن 28
قۇرت تېرىش............ (ھېكايە) ........................ نۇرمۇھەممەت توختى 30

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

ئۇدۇن بۇددا مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى ........................ ئابدۇقەييۇم خوجا 33

## «ئۆزىنى بىلىش» توغرىسىدا

تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار ........................ ساموئېل سمايلىس 53
يەھۇدىيلار ۋە بىز ........................ خې شۇخفېي 57
رىۋايەتنىڭ يىلتىزى بارمۇ........................ ئەزىزى 59

## ئالەمدە

كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى كىملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ........................ لۇڭ يىختەي 76

مۇقاۋىدا: ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ. ھەيكەلتىراش: ئەبەيدۇللا مۇھەممەت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: زۇنۇن قۇتلۇق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)

مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا كوررېكتورى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# قالتىس غەمخورلۇق، غايەت زور ئىلھام

## «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇل بېيجىڭدا تۇنجى قېتىم ئورۇندالدى

جياڭ زېمىن ئارقا-ئارقىدىن «ياخشى» دەپ ماختىدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 12-مارت كەچ بېيجىڭ «جۇڭگو» تىياتىرخانىسىدا چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» نى كۆردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇرۇڭجى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجىنتاۋ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي

**مەخسۇس سەھىپە**

كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى ۋېي جيەنشىڭ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭمۇ ئويۇننى كۆردى.

سەنئەت كېچىلىكى «تەڭرىتاغ شادلىقى» دېگەن شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە باشلاندى. «رومالىڭنى ئېچىۋەت» دېگەن كۆرۈنۈشتە شىنجاڭ ناخشىلىرىدىن «رومالىڭنى ئېچىۋەت»، «ئانارخان» قاتارلىقلار ئورۇندالدى. ئاندىن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «قىزلار باھارى» ئورۇندالدى. بۇ ناخشا-ئۇسسۇللاردا شىنجاڭ-دىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىننىڭ سىرلىق پەردىسى ئېچىلىپ، رايون مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل مەنزىرىسى تولۇق نامايەن قىلىندى. «چېگرا رايوننىڭ ھەممىلا يېرى گۈزەل» دېگەن 2-كۆرۈنۈشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز سەنئەتكارلىرى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە

ھەرخىل مۇزىكىلارنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارغا شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى، ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقى ياراتقانلىقى، بۇ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە كىشىلەرنىڭ بەختلىك، ئىناق ياشاۋاتقانلىقى، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئۇچۇرنى يەتكۈزدى.

تاماشىبىنلار «ئالمىخان»، «باھار ۋالىسى»، «گۈل نېمىشقا قىزىل» دېگەن نومۇرلاردىن تەركىب تاپقان 3-كۆرۈنۈشتىن شىنجاڭنىڭ باي، گۈزەللىكىگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرات ھاسىل قىلدى. 4-كۆرۈنۈش «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي»دا سەنئەتكارلار شوخ ئۇسسۇلى، قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى، شىنجاڭلىقلارنىڭ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىشتىكى ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارىنى ئىپادىلىدى.

ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكى ئاياغلاشقاندىن كېيىن جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، خۇجىنتاۋ، ۋېي جيەنشىڭ، لى لەنچىڭ قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەم خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن ئارقا-ئارقىدىن «ياخشى» دەپ ماختىدى.

ئويۇننى رەھبىرىي يولداشلاردىن يەنە دىڭ گۇەنگېن، چى خاۋتيەن، جاڭ ۋەننيەن جياچىڭلىن، زىڭ چىڭخوڭ، ۋاڭ گۇاڭيىڭ، تۆمۈر داۋامەت، چېڭ كېجيې، چېڭ سىۋېي، ئىسمائىل ئەھمەت، ۋاڭ جاۋگو ۋە سەيپىدىن ئەزىزى، يۈيۇڭبو، ۋاڭ كې، ۋاڭ رۇيلىن، ساۋگاڭچۇەن ھەم مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ كۆردى.

ئويۇننى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان.

شىنجاڭدىن 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر، سىياسىي كېڭەش 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-يىغىنىغا قاتناشقان ئەزالار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، قەييۇم باۋۇدۇن قاتارلىقلار ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئويۇننى كۆردى.

— چېن يەن

## باھارغا مەدھىيە

### — «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇلنىڭ تۇنجى قېتىم ئورۇندالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مارت ئايلىرىدىكى پايتەختتە باھار گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغانىدى، 12-مارت «جۇڭگو» تىياتىرخانىسى ئىللىق باھار تۈسىگە كىرگەنىدى. «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلماقتا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان قىپقىزىل لوزۇنكا «جۇڭگو» تىياتىرخانىسى زالىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە ئېسىلغانىدى.

— كەلدى، كەلدى! — كىشىلەر قىزغىن ئىنتىزارلىق ئىچىدە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، خۇجىنتاۋ، ۋېي جيەنشىڭ، لى لەنچىڭ قاتارلىقلارنىڭ ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا تىياتىرخانىغا كىرگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

جياڭ زېمىن ئىنتايىن روھلۇق ھالدا كۈلۈمسىرەپ، كىشىلەرگە ئارقا-ئارقىدىن ھۆرمەت بىلدۈردى؛ جۇ رۇڭجىمۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن كىشىلەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈردى.

زالدا بىردىنلا نەي، داپ سادالىرى ياڭراپ، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە «دولان ئۇسسۇلى» ئوينىلىپ، «تەڭرىتاغ تەنتەنىسى» باشلاندى، ئارقىدىنلا مۇڭلۇق-لەرزان ئاۋازدا «چېگرا رايونىنىڭ ھەممە يېرى بەكمۇ گۈزەل»، «ئەڭ گۈزەل يەر يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ»، «زەپمۇ چىرايلىق ئەترگۈل»، «گۈل نېمىشقا قىزىل» دېگەن شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى ئورۇندالدى، باھارگۈل ئىمىن، ئايتۇرسۇن نىياز، شامىل شاكىر قاتارلىق ناخشىچىلار بۇ ناخشىلارنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، پۈتكۈل زالدىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇرخەلق ئۇسسۇلى — «نازىركوم»، «شايى بەلباغ» دېگەن قىزىقارلىق ھەم يۇمۇرلۇق ئويۇنلار كۆرسىتىلدى. «قۇياشقا ئەڭ يېقىن كىشىلەر» دېگەن ئۇسسۇل ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئورۇندالدى. بۇ، تاجىكلارنىڭ قۇياشتەك قىزغىن مىجەزىنى ئىپادىلەپ بەردى. «رومالىڭنى ئېچىۋەت» دېگەن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئۇيغۇر قىزلار خۇددى باھار شامىلىدەك ناز بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى، قازاق يىگىتلەر خۇددى تولپاردەك شوخشۇپ ئويناپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللار شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ھەممىلا يېرى ئىچكىرىدىكى گۈزەل جايلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان، ئىتتىپاقلاشقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگىكىدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1999-يىل 12-مارت بۇ چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇلنى ئورۇنداشقا قاتناشقان بارلىق ئارتىسلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. ئەتىگەندىلا ئارتىسلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا گىرىم قىلىپ، ئويۇنغا تەييارلىق قىلدى. باشقارمىنىڭ ئاشخانىسى ئارتىسلارغا مەززىلىك تاماق تەييارلىدى. 4 ئاپتوبۇس ئەتىگەندىلا ئارتىسلارنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇردى. ئارتىسلار ھاياجانغا چۆمۈلگەندى، يولداش جياڭ زېمىن ۋە پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى كۆرۈدىغان بوپتۇ، دېگەن خۇش خەۋەر خۇددى باھار شامىلىدەك ئۇلارنى سۆيۈندۈرۈۋەتكەندى. تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھەم ئۇسسۇل يېتەكچىسى ئىدى، ئۇ، يىغىنغا قاتنىشىپ دەم ئېلىش ۋاقتىدا رىپىتسىيە قىلدى. ئۇ، مۇنداق دېدى: «جۇرۇڭجى زۇڭلى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا خېلى ئۇزاق سەھىپە ئاجرىتىپ، پاختىچىلىق قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈستىدە سۆزلىدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ چېگرا رايوندىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بەرگەن غايەت زور مەدىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز چوقۇم بۇ ناخشا-ئۇسسۇلنى ياخشى ئورۇنداپ، شىنجاڭدىكى 17 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە بولغان تەشەككۈرىنى ئىپادىلەيمىز.»

12-مارت كەچ سائەت 7دە ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قەييۇم باھاۋۇدۇن ئالدى بىلەن «جۇڭگو» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىنقى زالىغا كىرىپ، شىنجاڭنىڭ 50 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىنى قىزىقىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى،ھەم خىزمەتچىلەردىن قىزغىن ھال سورىدى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دېدى: بۇ كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن چەكلىك بولغان جايدا پايتەخت ئېكىسكۇرسىيىچىلىرىگە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى، تەبىئىي مەنزىرىلىرى تونۇشتۇرۇلۇپتۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ قېتىم مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇل ئورۇنداش ئارقىلىق، بىز ئالدى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلدۇق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. ئېھتىمۇ مۇھىمى شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، شىنجاڭنىڭ مول مەدەنىيەت بايلىقىنى دۇنياغا نامايەن قىلدۇق.

بۇرۇن شىنجاڭدا ئىشلىگەن، ھازىر بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتمۇ ئويۇننى قىزىقىپ كۆردى. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ زالغا كىردى.

1 سائەت 50 مىنۇت ئورۇندالغان «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ناخشا-ئۇسسۇل ئاياغلاشقاندا، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن «ياخشى، ياخشى، ياخشى» دەپ ماختىدى. تىياتىرخانىنى باھار شامىلى قاپلىغاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ باھار شامىلى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا . . . يېشىللىق بېغىشلىغۇسى.

- چېن يەن

قەييۇم باھاۋۇدۇن بېيجىڭدا ئويۇن قويۇش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

## نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇل پايتەختتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغاندىن كېيىن، 18-مارت ئويۇن قويۇش ئۆمىكىدىكىلەر خۇلاسە يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. ئۇ، ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بەرگەن مەدىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئېھتىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلدى.

12-مارتتىن 17-مارتقىچە «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇل بېيجىڭ «جۇڭگو» تىياتىرخانىسىدا 5 قېتىم ئورۇندىلىپ، قالتىس ئالقىشقا ئېرىشىپ، پايتەخت سەھنىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەم كۆرۈلگەن ئالاھىدە مەنزىرىنى نامايەن قىلدى.

مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گاۋجيەنشياڭ، ئاتاقلىق ناخشىچى، ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى لى شۇاڭجياڭ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى: شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى پايتەخت تاماشىبىنلىرىغا ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى تەقدىم قىلدى. پۈتكۈل زالنى زىلزىلىگە سالدى. بۇ چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جاسارەت بىلەن كۆچىنىپ ئىشلەپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈۋاتقان روھىي قىياپىتىنى نامايەن قىلدى.

قەييۇم باھاۋۇدۇن ئۆزسۆزىدە مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ئويۇن قويۇش ئارقىلىق مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر شىنجاڭنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندى. كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى كۆرۈپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلاردا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بۇ يەردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندى. ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى داۋاملىق تىرىشىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇلنى ئورۇنداش ئۆمىكىدىكىلەر شاڭخەيدە سەييارە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن بېيجىڭدىن يولغا چىقتى.

- چېن يەن

## شاڭخەي چوڭ تىياتىرخانىسىدا «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» تۇنجى قېتىم ئورۇنلاندى

### خۇاڭجۇ، شۈي كۇاڭدى، گوڭ شۆپىڭ، قەييۇم باھاۋۇدۇنلار ئويۇننى كۆردى

29-مارت چىرايلىق مىللىيچە كىيىملەرنى كىيگەن شىنجاڭلىق ئارتىسلار شاڭخەي چوڭ تىياتىرخانىسىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشقانىدى. «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» پايتەخت بېيجىڭدا زور ئالقىشقا سازاۋەر بولغاندىن كېيىن شاڭخەيدە بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئورۇنلاندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ جۇ، شەھەر باشلىقى شۈي كۇاڭدى، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى گوڭ شۆپىڭ قاتارلىقلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇننىڭ ھەمراھلىقىدا ئويۇننى كۆردى.

1800 كىشىلىك شاڭخەي چوڭ تىياتىرخانىسىدا بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىغانىدى. تىياتىرخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، 29-ۋە 30-مارت قويۇلىدىغان ئويۇنلارنىڭ بېلەتلىرى سېتىلىپ بولغان.

شاڭخەي خەلقى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىتتىپاقلىق دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بار. چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا-ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» نىڭ بارلىق ئارتىس ۋە خىزمەتچىلىرى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شاڭخەيگە كەلگەنىدى. ئۇلار دەرھال سەھنە بىلەن تونۇشۇپ، تەكرار رېپىتىس قىلدى. نۇرغۇن ئارتىس: شاڭخەيگە كېلىپ ئويۇن قويۇش بىز ئۈچۈن چوڭ پۇرسەت، بىز چوقۇم شاڭخەي خەلقىگە ئەڭ ياخشى ئويۇنلارنى كۆرسىتىمىز، دېدى.

شاڭخەي چوڭ تىياتىرخانىسىدا بۈگۈن كەچتە ئارقا-ئارقىدىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، تاماشىبىنلار ئارتىسلارنىڭ يېتۇك ماھارىتىگە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ تۇردى. باھارگۈل ئىمىن، شامىل شاكىر، ئايتۇرسۇن نىياز، جاڭ لى، ماكالار ئورۇندىغان مىللىيچە ناخشىلار، رەڭدار مىللىيچە كىيىم-كېچەكلەر، لەرزان مىللىيچە ئۇسسۇللار شاڭخەيلىك تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى.

ئويۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن خۇاڭجۇ، شۈي كۇاڭدى، گوڭ شۆپىڭ قاتارلىقلار قەييۇم باھاۋۇدۇننىڭ ھەمراھلىقىدا بارلىق ئارتىس ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئويۇننى يەنە شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لوشىيەن، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جىن بىڭخۇا، شاڭخەي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يې شۇخۇا، شاڭخەي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇمۇياۋ، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇدارېنلارمۇ كۆردى.

- چېن يەن

## خۇاڭپۇجياڭ بويىدا ئايەم شادلىقى

28-مارت چۈشتىن كېيىن سائەت 30 :4 بولغان چاغ. شاڭخەيدە سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

«جىنشىياجياڭ» رېستورانىنىڭ 2-قەۋىتىدىكى كۆپ ئىقتىدارلىق زال قايىنام-تاشقىنلىقتا چۆمۈپ، خۇشال كۈلكە سادالىرى ياڭرايتتى. شىنجاڭ مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئارتىسلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەۋاتاتتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بېيجىڭدىن شان-شەرەپ قۇچۇپ شاڭخەيگە ئويۇن قويۇشقا كەلگەن ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى ئىغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغاچقا، ۋاقتىدا ئۆيلىرىگە قايتىپ ھېيت ئۆتكۈزەلمىگەنىدى. شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شاڭخەي شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆمەك چۈشكەن «جىنشىياجياڭ» رېستورانى بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق ئارتىسلارغا بىر قېتىم ئۇنتۇلماس قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈش شارائىتى يارىتىپ بەردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئالاھىدە بۇ جايغا كېلىپ بارلىق ئارتىسلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ قىزغىن سۆزگە چىقىپ، ھەر بىر ھېيت - بايرامدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بەكمۇ سېغىنىدىغانلىقىنى، بىراق ۋەتىنىمىزنىڭ مەملىكەت يېرىدە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فاڭ چۈەنلىن، شاڭخەي شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ چېچىڭ بارلىق ئارتىسلار، خىزمەتچىلەرنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزىنىڭ كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئۆز يۇرتىنىڭكىگە ئوخشاش قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

داڭلىق ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، دىلنار ئابدۇللا ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى نامايەن قىلدى. ناخشىچى ئايتۇرسۇن نىياز ناخشىسى ئارقىلىق بارلىق ئارتىسلارنىڭ شاڭخەي خەلقىگە بولغان تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلدى. كۈلدۈرگە چولپىنى، جەڭچى گاۋجىيەنشىنمۇ ئويۇن كۆرسىتىپ ھەممەيلەنگە شادلىق ۋە لەززەت بەخش ئەتتى.

مول تائاملىق كەچلىك زىياپەتتىن كېيىن بارلىق ئارتىسلار ۋە خىزمەتچىلەر سەيلە كېمىسىگە چىقىپ خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنى سەيلە قىلدى. يامغۇردىن كېيىنكى شاڭخەي كېچىسى تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە كىرگەنىدى، بارلىق ئارتىسلار، خىزمەتچىلەر چەكسىز شادلىقتا چۆمۈپ چىن قەلبىدىن سۆيۈندى.

- چېن يەن

## باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ نامىنى يېزىپ بەرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بۇ يىل 18-مارتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ نامىنى يېزىپ بەرگەنىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بۇ يىل 10-ئاپرېل نازارەت ئورگىنىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جياڭ زېمىننىڭ ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانىنىڭ نامىنى يېزىپ بەرگەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەييۇ باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۆز قولى بىلەن يازغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا» دېگەن جاھازنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرىغا تەقدىم قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا مەدەنىيەت نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا مەسئۇللىرى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئېچىلغان مەدەنىيەت ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتنىشۋاتقان ۋەكىللەر باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ نامىنى يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا قىزغىن سۆزگە چىقتى.

ۋاڭ خۇەييۇ يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىھات بىلەن كىتاپ ئوقۇش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىش، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، كىتاب ئوقۇشتا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشى لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدا كۇتۇپخانا بولۇش تەلىپىگە ئاساسەن كۇتۇپخانىلارنىڭ خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

- ئامىنە ئابدۇرېشىت (M2)



گۆللىنىۋاتقان كەسىپ ــ مەدەنىيەت ئاۋىئاماتكىسى يەلكەن تارتتى

# زۇنۇن قۇتلۇق

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشى، بۇقەدىمي ۋە جەلپكار زېمىندا مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەرنى ئاپىرىدە قىلدى. جۈملىدىن بۇ زېمىن مول ۋە رەڭگارەڭ دەۋر روھىغا تولۇپ تېشىپ، ئاجايىپ يارقىن دەۋر مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلدى، بولۇپمۇ مول مەدەنىيەت چۆكمىلىرى تۇشمۇتۇشتىن كۆزنى قاماشتۇرغىدەك ئۇچقۇنلارنى تارالتتى. بۇ پەقەتلا بىر باشلىنىش، خالاس.

ئېلىمىزنىڭ رايونلار ئىقتىسادى مەسىلىسىدە هازىرغىچە «تەڭ راۋاجلاندۇرۇش» تەك ئەنئەنىۋى نەزەرىيە يېتەكچى قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ نەزەرىيىدە پۈتكۈل مەملىكەت بىر پۈتۈن گەۋدە، هەرقايسى رايونلار ئىقتىسادى پۈتكۈل مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارىلىپ، رايونلار ئارا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىش تەقسىماتى ئاساسىدىكى هەمكارلىققىلا ئەهمىيەت بېرىلىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىدىكى سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى، بايلىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش هالىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە سەل قارىلىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ نىسبىي مۇستەقىل گەۋدە ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنىدى هەمدە رايونلارنىڭ ئۆز قۇدرىتى ۋە ئەتراپىدىكى ئەمەلىي ئەهۋاللارغا ئاساسەن مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلمىدى. بازار

ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل نەزەرىيە شاللىۋېتىلىپ، ھەممە بىردەك ئالغا ئىنتىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مۇشۇنداق رىقابەت ۋەزىيىتىدە، بىز پۇختا تايىنىش نۇقتىسى ۋە ئىقتىسادىي پىشاڭدىن پايدىلىنىپ، بازار شەكلى ئارقىلىق تەڭرىتاغ مەدەنىيىتى بۆلىكىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مەدەنىيەت نۇرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى يورۇتىدىغانلا بولساق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى داڭقىنى ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان قاتناش تۈگۈنى بولۇش رولىنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئىقتىساد ئېقىمىنى مەركەزلەشتۈرۈش يولى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرالايمىز.

مەدەنىيەت، ئۇ بىر پۇل خەجلەشكىلا تۇرغان نەرسە ئەمەس. ئۇ رەسمىي كەسىپلىشىپ بولغاندىن كېيىن زور پايدا يارىتىش ئىقتىدارىنى نامايەن قىلالايدۇ. بىز يېپيېڭى نۇقتىئىينەزەر ۋە پىكىر بىلەن ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىنى كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلار ئىقتىسادى ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان «مەدەنىيەت بۆلەكلىرى» ئارىسىدىكى رىقابەت تۈسىنى ئالغانلىقىنى بايقىيالايمىز. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي بايلىقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە كەسىپلەر ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئىش تەقسىماتى ھالىتى دەل بىر ئادەمنىڭ ئىسكىلىتى ۋە بەدىنىگە، مەدەنىيەت بولسا ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا ئوخشايدۇ. بىز پەقەت مۇشۇ قان تومۇرلارنى راۋانلاشتۇرالايدىغانلا بولساق، گويا ئاجىز ئادەمنىڭ زەبەردەست كىشىگە، پەتەك ئادەمنىڭ گىگانت ئادەمگە ئايلىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرالايدىغان تۇتقىلىق رولىنى ئوينىيالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەتنىڭ كۈچىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ قان تومۇرنى راۋانلاشتۇرۇش رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى - ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، تارىخى ئۇزۇن، كۆپ مىللەتلىك رايون. بۇ دىياردىكى ھەربىر مىللەت قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسىدا ئىزچىل ساقلاپ كېلىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە ئورتاق گۈللىنىپ، ئېلىمىزنىڭ پارلاق قەدىمىي غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈگۈن بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ مەدەنىيىتى بۆلىكى» چۆل مەدەنىيىتى، قۇملۇق مەدەنىيىتى، يىپەك يولى مەدەنىيىتى قاتارلىق رايون مەدەنىيىتى ۋە ئېتنوگرافىك مەدەنىيەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇشىدىكى كۆۋرۈك بولغاچقا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ۋە پەن-تېخنىكىسى قەدىمدىن تارتىپلا دەل يىپەك يولى ئارقىلىق تارقالغان. جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ قاشتېشى، يىپەك ۋە پار-پۇر قاچىلىرى شۇنداقلا پۇرۇقچىلىق، قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىقلار مۇشۇ يول ئارقىلىق غەربكە تارقالغان؛ سېھىرگەرلىك، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت مەدەنىيەت-سەنئەتمۇ مۇشۇ يىپەك يولىنى بويلاپ غەربكە تارقىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە پەن-تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

دېمەك، بىر خىل مۇرەككەپ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغان يىپەك يولى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھازىرغىچە يەنە پەلسەپە، تارىخ، تىل، دىن، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئېتنوگرافىيە، ئىقتىساد، ئارخېئولوگىيە، مىللەت ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، تەبىئىي جۇغراپىيە، ئېكولوگىيە، تېببىي دورىگەرلىك، تەبىئىي پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر يەنىلا سىر پېتىچە تۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ «يىپەك يولى» تەتقىقاتى ئارقىلىق غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇشىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن يەنىمۇ كېڭەيتىش ئىستىكى كۈنسايىن كۈچىيىپ بارماقتا. دېمەك «يىپەك يولى» بۈگۈنگە كەلگەندە ھەرقايسى ئەللەر كۆزتىكىۋاتقان تەتقىقات تېمىسى ۋە ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يىپەك يولىغا ئالاقىدار قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت، جۇغراپىيىلىك ئىقتىساد، مىللەتلەر تىلى، دىن ۋە ئۆرپ-ئادەت شۇنداقلا تەپەككۇر ئەندىزىسى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئاۋئاماتىكىسىنى ھەقىقىي ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مەدەنىيەتنى كەسىپلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق لايىھەلەپ ۋە يورۇشتۇرۇپ، كۆپخىل بايلىقلارنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن يول ۋە بازار ئېچىشىمىز لازىم. بۇ يول ۋە بازار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشالايدۇ. مانا بۇ ئەقىلنىڭ قىممىتى، بىلىمنىڭ كۈچىدۇر. ئىدىيە -

ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىسى. دېمەك يۇقىرىقىدەك بىرقەدەر كەڭرى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىدىيىنى تۇرغۇزغاندىلا ئاندىن شىنجاڭنىڭ نامىنى خەلقئالەمگە ھەقىقىي تونۇتۇپ، شىنجاڭنى پۈتكۈل مەملىكەت كۆز تىككەن غايەت زور جەلپكار نۇقتىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى سودىگەرلەر ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا شىنجاڭنى، شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا ئېقىمى، مەبلەغ ئېقىمى، ئۇچۇر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ئېقىمى جەھەتتىكى غايەت زور تارتىش كۈچىنى تونۇتۇپ، ئۇلاردا «شىنجاڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك، زور كۆلەملىك مەبلەغ سېلىشقا باپ كېلىدىغان جاي» دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ، مەبلەغنى ھەقىقىي جەلپ قىلىش ئارقىلىق «ئالدىن تۇتۇش قىلىپ، ئۇتۇم قازىنىش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ، ئەڭ زور پايدا يارىتىشتەك ئاخىرقى نىشانغا يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

كونا ئەسىر سىمفونىيىسىنىڭ خاتىمىسى يېڭى ئەسىر قۇياشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەۋجىگە چىقتى. 21-ئەسىردە مەدەنىيەت كەسىپلىرى ۋە ئەقىل بايلىقى ئۆزىنىڭ پۇل ۋە ھوقۇقتىن ھالقىغان يېتەكچىلىك ئورنى ۋە يۈكسەك قەدىر-قىممىتىنى روشەن نامايەن قىلغۇسى. باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇندىن كېيىنكى دۇنيا رىقابىتى، ئەڭ مۇھىمى ئەقلىي كۈچ رىقابىتى بولىدۇ» دېگەنىدى.

1999-يىل 3-ئىيۇن      رەسسام: غازى ئەھمەد (M2)

# ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بېتيۇننىڭ ھەيكىلى تىكلەندى

ئۆز خەۋىرىمىز: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەقدىم قىلغان دوختۇر بېتيۇننىڭ ھەيكىلى يولداش ۋاڭ لېچۇەن ئىشلەۋاتقان ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تىكلەندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قۇتلۇق، مۇئاۋىن نازىرى ئابلىجان ھېيتلار ئالاھىدە ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يولداش ۋاڭ لېچۇەننىڭ كۆپ يىللىق ئارزۇسى بويىچە ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا دوختۇر بېتيۇننىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس ھەيكەلتىراش ئەۋەتكەنىدى. يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا مەدەنىيەت نازارىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى سۆز قىلدى. يولداش ۋاڭ لېچۇەن يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا مەدەنىيەت نازارىتى پارتگورۇپپىسى ۋە بارلىق يولداشلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسىنى قاندۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى بارلىق دوختۇر-سېستىرالارنىڭ دوختۇر بېتيۇننى مەڭگۈ ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىقنى ئامال، ئۆلۈمگە سەۋەب قىلىشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرمىللەت خەلقىگە جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ۋاڭ لېچۇەننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ قاتناشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىككى ھېكايە

مەمتىمىن ھوشۇر

# قاش بويىدىكى ۋەقە

قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلارنى بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. سۇپسۈزۈك تاغ سۇلىرىدىن ھاسىل بولۇپ، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ، تاغ قىساڭلىرىدىن ھەيۋەت بىلەن بۇژغۇنلاپ ئېقىپ چىقىپ كېلىۋاتقان قاش دەرياسى بۇ يەردىكى ياپيېشىل تۇزلەڭلىكلەرگە يېتىپ كەلگەندە يېيىلىپ ئېقىپ، تارماق ئاراللارنى پەيدا قىلىدۇ. ئەنە شۇ تەبىئىي شەكىللەنگەن ئاراللاردا سىز بىر-بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن جىغان ، زىرىق، تاللارنى، قەدىمىي تاغ تېرەكلىرىنى، توقاي ئىچىدىكى قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقلاردا بولسا رەڭمۇ رەڭ ياۋا گۈللەرنى، كۆپكۆك چىمەنلەرنى كۆرۈسىز. دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ بۇ توقايلىقلارغا قارىغاندا كىشى ھاياجاندىن ئىختىيارسىز چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ. ئالدىڭىزدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللاردا بولسا قەدىمىي توقايلىقلار، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كۆكۈش رەڭ ئېلىپ تاۋلىنىپ تۇرغان قارىغايلىق تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن يېشىل ئىدىرلار، ھەممىنىڭ ئۈستىدە ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن چوققىلار. . . شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن مەنزىرىنى كۆرگىنىڭىزدە ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ ئۇستا رەسسام ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايسىز.

ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى توقايلىقلارغا ئۆتۈپ ئارىلىغىنىڭىزدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ يەردە بېلىقچىلار، پادىچى باللار، سەيلە-ساياھەتچىلەر ھەر تەرەپكە ئىز بېسىپ قالدۇرغان يالغۇزئاياغ يوللارنى كۆرۈسىز. بۇ يوللار بىلەن ماڭغىنىڭىزدا ئورمان

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئىچىدىكى چىرىگەن يوپۇرماقلاردىن كۆتۈرۈلگەن نەمخۇش ھاۋا دىمىقىڭىزنى غىدىقلايدۇ. يېشىل ئوتلار پۇشقاقلىرىڭىزغا ئۇرۇلۇپ، جىغانلارنىڭ تىكەنلىرى چاپىنىڭىزنىڭ پەشلىرىنى سىجاپ ئۆتىدۇ. قەيەرلەردىدۇر بىر يەردە تاغ تېرەكلىرىنىڭ يىقىلغان شاخلىرى، مۇخ باسقان كۆتەكلەر ئالدىڭىزنى توسايدۇ. بۇ ئاياغ يوللار بىر مەنزىللەرگە يەتكەندە تۇيۇقسىز غايىپ بولىدۇ-دە، ئۆزىڭىزنىڭ يەنە ئايلىنىپ دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز. دەريانىڭ سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈككى، قىرغاقتىكى تاشلار سۇ ئاستىدا ئېنىق يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سىز شۇ ئاجايىپ تاشلاردىن خاتىرە ئۈچۈن بىرنەچچە تال سۈزۈۋالماقچى بولۇپ يەڭلىرىڭىزنى تۈرۈپ قولىڭىزنى سۇغا تىقسىڭىز، قارىماققا تېيىزلا يەردىكىدەك تۇرغان بۇ تاشلارنىڭ خېلىلا چوڭقۇردا -قول يەتمەس يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز-دە، ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىسىز... بەزىدە ھېلىقى ئاياغ يوللار سىزنى ئورمان ئىچىدىكى دالا گۈللىرى قۇياش نۇرىدا رەڭمۇ رەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان قانداقتۇر بىر ئوچۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە سىز كىملەرنىڭدۇ قازان ئېسىپ گۈلخان ياققان ئىزلىرىنى، ئىسلاشقان چوڭ-چوڭ تاشلارنى كۆرىسىز. بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى يېشىل ئوتلار ئۈستىگە ئۆزىڭىزنى تاشلاپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قارىغىنىڭىزدا، كۆكتىكى ئاپئاق بۇلۇتلار گويا ئېگىز تاغ تېرەكلىرىنىڭ ئۇچىدىلا يېنىك لەيلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەتراپىڭىزدىن بولسا قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاپ سايراشلىرى، دەريانىڭ بوغۇق گۈرۈلدەپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. گويا ئۆزىڭىزنى شۇ ئۇلۇغ تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، تەبىئەت بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز...

* * *

ئۆتكەن يىلى يازلىق كانىكولدا بىز بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى مانا مۇشۇ گۈزەل قاش بويىغا كېلىپ مەلۇم ۋاقىت تۇردۇق. قاچاندۇر بىر چاغلاردا مەكتىپىمىز مۇشۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىن بىر ئاز يەر سېتىۋالغان بولۇپ، ھازىر بىز شۇ يەرلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتۇرماقچى، بۇنىڭ بەدىلىگە يېزا مەكتىپىمىزنىڭ يېڭىدىن سېلىۋاتقان قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن ياغاچ بەرمەكچى بولغانىدى. بىز شۇ ئىشلارنى بېجىرگەچ دەم ئالماقچى بولۇپ كەلگەنىدۇق. ئارىمىزدا ئۆمرى قىستا-قىستاڭ چوڭ شەھەرلەردىلا ئۆتۈپ، مۇنداق تەبىئىي، ھاۋالىق جايلارنى كۆرۈپ باقمىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قاش دەرياسى بويىدىكى تۇتاش كەتكەن توقايلىقلارنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، توقاي ئىچىگە چېدىر تىكىپ، بىر قانچە كۈن ئوبدان بىر ئويناپ يۈخادىن

چىقايلى، دېگەن يەرگە كەلدۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەت چېدىر، قازان-قومۇش ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تېپىپ بېرىدىغان بولدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ غىچىرلاپ تۇرۇدىغان كارىۋاتلىرىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتۇق.

خوجۇلۇق مۇدىرى گەدىھەم ئاكا قەغەز-قەلىمىنى چىقىرىپ توقاي سەيلىسىگە كېتىدىغان خىراجەتلەرنى يازغىلى تۇردى. مالچىلاردىن سېتىۋېلىنىدىغان سويۇش مال، نان-چاي، كۆكتات، ماي، ھەرخىل ئىچىملىك، زىرە-قارىمۇچ، ھەتتا ئېغىز سۈرتىدىغان قەغەزگىچە ھەممە نەرسە تىزىملاندى.

- ئاشپەزنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟-دەپ سوراپ قالدى بىرەيلەن.

- بۇنىڭغا نېمە ئاشپەزلىك كېتەتتى؟- دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى،- مالنى سويۇپ پارچىلاپ قازانغا باسىمىز، ئاستىدىن گۇركىرىتىپ ئوتنى قالايمىز، پىشتى دېگەن شۇ!

- بولمايدۇ، بولمايدۇ!- دەپ چۇرقىراشتۇق باشقىلىرىمىز،- شورپا ئىچىپ، سۆڭەك غاجىلاپلا ئولتۇراتتۇقمۇ، ئانچە-مۇنچە سەي-پەي قورۇپ، كاۋاب-پاۋابمۇ قىلىدىغان گەپتە!

- ئارىمىزدىن بىرەر ئاشپەز چىقىپ قالار؟ - دەپ كۆپچىلىككە قارىدى ئەدىھەم ئاكا.

- چۆمۈچ تۇتىدىغان بىرلا ئادەم چىقسىغۇ قالغان ئىشلارغا قولمۇ قول ياردەملىشەتتۇق،- دېيىشتۇق.

- بولدى، قازان بېشىنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار،- دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان.

ئاغزى ئېچىلسىلا تاش قورال دەۋرى، قەدىمىي يۇنان، مىسىر مەدەنىيەتلىرى، چىڭگىزخانىنىڭ ئىستېلاسى دېگەندەك نەرسىلەر توغرىسىدا توختىماي سۆزلەپ كېتىدىغان بۇ ئاغىنىمىزنىڭ قازان-قومۇچنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ خەۋىرى بارلىقى خىيالىمىزغا كىرىپ باقمىغانىكەن.

- تاماقنى مىسىرچە ئېتەمسىلەر، يۇنانچىمۇ؟- دەپ چاقچاق قىلدى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر.

- ئۇ قانچىلىك ئىشتى؟!- دېدى قۇربان،- گۆشنىڭ ئۇستىخانلىقراق يەرلىرىنى چاناپ قازانغا تاشلىۋېتىمىز، شورپا بولىدۇ. يۇمشاق يەرلىرى كاۋاب... راست، قىيما كاۋاب دېگەننى بىلەمسىلەر؟

- كاۋابنى كىم بىلمەيدۇ؟- دېدى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى.

- مېنىڭ دەۋاتقىنىم قىيما كاۋاب،-دېدى قۇربان.

- ئۇنىمۇ كۆرگەن.

- كۆرۈشىنىغۇ ھەممە ئادەم كۆرگەن. لېكىن ئۇنى قانداق تەييارلايدىغانلىقىنى بىلسەڭ بولىدۇ-دە! ... مانا، گۆشنى تازا ئۇششاق چاناپ قىيما قىلىپ، ھە، يەنە ئازىراق تۇخۇم، پىياز ئارىلاشتۇرۇپ، دورا-دەرمانلارنى تەڭشەپ، يۇمىلاقلاپ، زىخقا ئۆتكۈزىدىغان گەپ. پاھ، پىشقاندا بۇنى يۇمشاق نانىنىڭ

ئارىسىغا ئېلىپ يەيدىغان بولساڭلار، بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تاماق يوق. . . دۇمبە جىگەر دېگەننىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيدىغانسىلەر؟

- ئۇمۇ يەيدىغان نەرسىما؟- دەپ كۈلدى ھېلىقى ياش ئوقۇتقۇچى،- مۇنداق تاماقنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

- سېنىڭ شەھەردە يۈرۈپ كۆرگىنىڭ راڭپىزا بىلەن سېرىق ئاش،- دېدى قۇربان،- دۇمبە جىگەر دېگىنىمىز- قوينىڭ قۇيرۇق مېيى بىلەن جىگىرىنى ئوبدان پىشۇرۇپ سوزۇۋېلىپ، نېپىز يالپاقلاپ كېسىپ، ئىككى پارچە جىگەرنىڭ ئارىسىغا بىر پارچە قۇيرۇق ماينى قىستۇرۇپ يەيدىغان نەرسە. مۇنداق يېگەندە مايمۇ كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، چاينىغانسىرى لەززەتلىنىپ چاينىغىڭ كېلىدۇ. تازا ئوغۇلبالىنىڭ يەيدىغان تامىقى-دە! . . . قوينىڭ ئۆپكە-قېرىن، توققۇز تولۇقلىرىدىن شۇنداق سوغۇق سەيلەرنى كەلتۈرۈۋېتىمىزكى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈرسىلەر . .

ھەممىمىز بىردىنلا تاماقنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتۇق. كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، تاملاشتۇرىدىغان ئادەملا بولسا، قوي دېگەننىڭ ئاچچىق ئۈچىيى بىلەن تېرىسىدىن باشقا ھەممە يېرىدىن تىلمۇخىل تاماقلارنى تەييارلاشقا بولىدىغانلىقى ئايان بولدى. كىمدۇ بىرى قىزىپ كېتىپ، ئەتىلا قايەردىن بولمىسۇن بىر تور تېپىپ كېلىپ، دەرياغا تور تاشلىماقچىمۇ بولدى.

-بۇمۇ بولىدىغان گەپ، دەريا بېلىقى دېگەننىڭ لەززىتى باشقا گەپتە!- دېيىشتۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىر-ئىككىيلەن: بېلىق دېگەننى زادى مايدا پىشۇرۇپ يېگەن ياخشىمۇ، ئوتتا قاقلاپمۇ؟- دەپ تالاش-تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى.

* * *

قېرىشقاندەك، شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ھاۋا ئۆزگىرىپ شارىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى.

- ئاپلا، بۇ نېمىكەپ؟ !- دېيىشتۇق ھەسرەتلىنىپ،- توقاي سەيلىسى قىلىدىغان شېرىن خىياللىرىمىز كۆپۈككە ئايلىنامدۇ نېمە! . . .

- خاتىرجەم ئۇخلايلى،- دېدى كىمدۇ بىرى، -تاغ يېرى دېگەن شۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، ئەتىلا چاقناپ كۈن چىقىپ كەتمىسە.

ئەتىگىنى ئورنىمىزدىن تۇرساق يامغۇر تېخىچە توختىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسىدىن نېرى بارالماي سولۇنۇپ قالدۇق. ئىچى پۇشقان ئاغىنىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تالاغا چىقىپ ئاسمانغا قارايتتى. ئاسمان تۇتاش قوغۇشۇن رەڭگە كىرگەن بولۇپ، يامغۇر ئاق يىغىنغا ئايلىنىۋالغانىدى. تېمپېراتورا تۆۋەنلەپ، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ، توقايلار، قارىغايزارلىق تاغلار-

ھېلىقى بىز كۆرگەن بارلىق گۈزەل مەنزىرىلەر تۇمان ئىچىدە غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، ياتاقتا يىغىلىپ قۇرۇق پاراڭغا چۈشتۇق.

- تاغ يېرى دېگەننىڭ ھاۋاسى شۇ،- دېدى ئەدىبھەم ئاكا. ئارىمىزدا ياشتا ئەڭ چوڭ، ھازىر مەكتەپتە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ ستاژى ئەڭ كونا ئادەم شۇ ئىدى،- بىر يىلى، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىمىزغا يازلىق يىغىم ئىشىنى تۈگەتكىلى كەلگىنىمىزدە، بۇغداي ئورمىسى مەزگىلىدىلا مۇشۇنداق ھاۋا ئاينىپ، تويۇقسىز قار چۈشۈپ كەتكىنى ئېسىمدە. . . بىرەرسىڭلار كورت قەغەزمۇ ئالغاچ كەلمىگەنمىتىڭلار؟

- بۇ يەردە شاھماتمۇ تېپىلماس ھەقىچان ؟

- ھوي راست، ئېسىمدىن چىقىپتۇ،- دېدى بىر ئوقۇتقۇچى،- سىلەرگە بىر نەرسە كۆرسىتەيمۇ؟

- نېمىكەن ئۇ؟- دەپ ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىدۇق.

ئۇ، كاربۋاتنىڭ باش تەرىپىدىن بىر كونا لاتا سومكىنى تارتىپ چىقاردى. سومكا ئىچىدىن پومپىيىپ تۇرغان بىر سېرىق قەغەز خالتىنى سۇغۇرۇۋالدى-دە، ئىچىدىن يەنە گېزىت قەغىزىگە پۇختا ئورالغان بىر توپ ئورگىنالنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

- ماڭا بۇنى تونۇگۈن بىر دېھقان ئەكىلىپ بەرگەنتى،- دەپ چۈشەندۈردى ئۇ،-بۇ سومكىدىكى نەرسىلەرنى ئۇ مەكتىپىمىز بۇرۇن بۇ يەردە ئىشلەتكەن بىر ئۆينىڭ تورىسىدىن تېپىۋالغانىكەن. ھەقىچان، بۇ يەرگە كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان ئەپەندىلەرنىڭ بىر نەرسىسى بولسا كېرەك، دەپ ساقلاپ قويۇپتىكەن.

ئورگىناللارنى بىرىنچى بولۇپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر قولىغا ئالدى. بىر نەچچە بەتنى ئۆرۈپ ئوقۇپ:

- پاھ، پاھ، قالتىس شېئىرلارغۇ بۇ!- دەپ ۋارقىرىۋەتتى،- بۇ ئادەتتىكى بىر ھەۋەسكارنىڭ يازغان مەشىق شېئىرلىرى ئەمەس جۇمۇ. سۆزلىرى شۇنچىلىك ئاددىي، پىششىق، پىكرى چوڭقۇر. تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن شائىرنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتى ئەپچىل بىرلەشتۈرۈلگەن. ھەر بىر مىسرادىن ھاياجانغا تولغان شائىرنىڭ تىنىقلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. . . ئاڭلاڭلار ھە، مەن سىلەرگە مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ بېرەي.

ئۇ، بىر شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ دىكلاماتسىيە قىلدى . ھەممىمىز ئىختىيارسىز سۆكۈتكە چۆكۈپ قۇلاق سالدۇق. كۆز ئالدىمىزدا گۈلگە پۈركەنگەن كەڭ دالا، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياش، قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا چۈمۈلۈپ. يىراقتىن كېلىۋاتقان قىز گەۋدىلەنەندى. شۇنىڭ بىلەن ئورگىنالنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆردۇق. ئورگىناللارنىڭ قەغىزى سارغىيىپ

قالغان بولسىمۇ، خەتلىرى يەنە ئوچۇق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەبىئەت لىرىكىسى، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلار ئىكەن. بەزى سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى، تۈزىتىلگەن بەزى مىسرالارنىڭ يېنىغا قىيپاش قىلىپ يېڭى مىسرالارنىڭ يېزىپ قويۇلغىنىغا قارىغاندا، بۇ، ئاپتورنىڭ تېخى رەتلىمىگەن دەسلەپكى قول يازمىلىرىدەك قىلاتتى. كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان ئەدىھەم ئاكا ئاخىرىدا ئورگىناللارنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆردى-دە:

— بۇ تونۇش پوچۇركىغۇ؟... توغرا، خەمىتنىڭ پوچۇركىسى، خەمىتنىڭ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— خەمىت دېگىنىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدۇق بىز.

— بىر چاغلاردا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەمىت دەپ بىر ئوقۇتقۇچى بولىدىغان، ئۇ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىشقا ئۇستا ئىدى.

— بۇ شائىر نەدە؟

— ئۇنىڭ يازغانلىرى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا قانداق كېلىپ قالىدۇ؟

— ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى سىلەر تازا بىلىپ كەتمەيسىلەر، — دەپ چۈشەندۈردى ئەدىھەم ئاكا، — ئۇ يىللاردا ھەربىر مەكتەپ، ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدىغان. مەكتىپىمىزنىڭ مۇشۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ھەر يىلى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ يىغىم-تېرىم ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتۇق. كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش، يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەش دېگەندەك چاقىرىقلار چىقتى. مۇشۇنداق سىياسەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە مەكتەپ ئۆز ئالدىغا بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرماقچى بولۇپ بۇ ئەتراپتىن يەر سېتىۋالغانىدى. شۇ چاغدىكى مەكتەپ رەھبەرلىرى نەق مانا مۇشۇ قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلارنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھەتتا بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلار ھەر يىلى كېلىپ دەم ئېلىپ كېتىدىغان بىر دەم ئېلىش ئورنىمۇ قۇرماقچى بولۇشقان.

— بۇ ئوبدان گەپ بوپتىكەن، — دەپ سۆز قىستۇردى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى.

— ئوبدانلىقى قۇرۇسۇن! — دېدى يەنە بىرەيلەن، — يامغۇر مۇشۇنداقلا ياغىدىغان بولسا، ئادەم بىر كۈندىلا زېرىكمەمدۇ؟!

— ئەنە شۇنداق ياخشى نىيەتلەر بىلەن، — دېدى ئەدىھەم ئاكا يانچۇقىدىن موخۇركا قەغىزىنى ئېلىپ يىرتىپ تۇرۇپ، — دەسلەپتە بۇ يەرگە بىر كورپۇس ئۈستى چېدىرچە يېپىلغان ئۆيلەر سېلىنغانىدى. ئاز ئۆتمەيلا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى.

پىلانلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ سۇغا چىلاشتى. قاش دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ يەر تېرىماق تۇگۇل، مەكتەپتە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ توختاپ قالدى. شۇ يىللارنى ئەسلىسەم، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئىككى ئوقۇتقۇچى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى مۇشۇ قولىيازمىلارنىڭ ئىگىسى خەمىت، يەنە بىرى ھامۇت. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن فاكۇلتېت ئۆزىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېپقالغان. خەمىت ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچى ئىدى. شۇ چاغلاردا يېزىپ ئېلان قىلغان شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئابرويىمۇ بار ئىدى. دەرسنىمۇ ياخشى ئۆتەتتى. ئەمدى ھامۇتقا كەلسەك، ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغانلىقىنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەن. ئۇ، بويلۇق كەلگەن، قەددى-قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. مۇنداق سالاپەتنىڭ ھەدېگەندە ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە دەسمى بولالايدىغانلىقىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. شۇڭا ئۇ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلەنگەن، ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىقمۇ بولغان. بىراق بىچارىنىڭ قورسىقىدا چىرايىغا چۈشلۇق ئوماچ يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكىدەك ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن، كېيىن ئۇنى مەكتەپ رەھبەرلىكى مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەپ قويغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا كەلگەندە خەمىت بىلەن ھامۇت باشقا-باشقا قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشتى. خەمىت يازغان شېئىرلىرى، شۇ چاغدىكى سىياسەتلەرگە نارازى بولۇپ قىلىپ سالغان بەزى گەپ-سۆزلىرى تۈپەيلىدىن ئەڭ باشتا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ھامۇت بۇ ھەرىكەتتە ئاكتىپ بولۇپ شۇنچىلىك جانلىنىپ كەتتىكى، ئايھاي!... ئەگەر يارانقان ئىگەم بىر كىشىگە توغرا يول بىلەن مېڭىپ ھايات كەچۈرىدىغان پەزىلەتنى ئاتا قىلمىسا، ھېچبولمىغاندا ئەسكىلىك قىلىپ بولسىمۇ جېنىنى باقىدىغان قارانىيەتنى قوشۇپ بەرسە كېرەك. ھامۇت نەق شۇنداقلا بولۇپ چىقتى. خەمىتكە ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانمۇ ھامۇت بولدى. ئۇ، خەمىتنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى شۇنچىلىك كۆپ مەزمۇنلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردىكى، پاھھاي، ئادەم پۈتلاشتا ئۇنىڭدىن ئۈستىسى بولماس!... بۇ گەپنى قىلسام، شۇ چاغدا مەكتەپ توپ مەيدانىدا ئېچىلغان نەچچە مىڭ كىشىلىك كۈرەش يىغىنى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. سەھنىدە ئولتۇرغانلاردىن بىرى خەمىتنىڭ «جىنايەت» لىرىنى ئوقۇپ، ئۇنى: «سەھنىگە چىقسۇن!» دەپ ۋارقىرىغاندا، خەمىت كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا قىمىر قىلماي ئولتۇردى. ھامۇت بىرنەچچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كېلىپ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

سۆرەپ دېگۈدەك سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بېشىغا ئېگىز قەغەز قالپاق كىيدۈردى. خەمىت باشتا نومۇستىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. بىر يۇلقۇنۇپ قولىنى بوشىتىۋېلىپ، بېشىدىكى قالپاقنى پۇرلەپ ئېلىپ يەرگە ئاتتى-دە، بالاغا قالدى. بىر نەچچىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى بولۇشىغا دۇمبالاپ، ئاندىن قولتۇقىدىن يۆلەپ زورىغا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇشتى.

بۇ ئىككى ساۋاقداشنىڭ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا بىرەر زىددىيىتى بارمۇ ياكى ھامۇتنىڭ تەبىئىيتىنىڭ ئەسكىلىكىدىن شۇنداق بولىۋاتامدۇ، بىلمىدىم، شۇچاغدا خەمىتنى ئەڭ قاتتىق ئۇرغانمۇ ھامۇت ئىدى. . . ئۇچاغلاردىغۇ كۆرەشكە تارتىلمىغان ئادەممۇ ئاز قالغان. ئۇنى دېسەڭلار ماڭىمۇ قالپاق كىيگۈزۈشكەن.

— نېمىشقا؟ —دەپ قىزىقىپ سورىدۇق بىز.

ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى ياندۇرۇپ بىر-ئىككى شورىدى-دە ، كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇ كەمدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەدىھەم ئاكا، — نېمىشقا بولاتتى، ماڭا ئارتقان جىنايەتلىرى : «چەت ئەلدە ئۇرۇق-تۇغقىنى بار. . . يازدا كاستۇم-بۇرۇلكا، قىشتا پەلتۇ كىيىپ، گالىستۇك باغلاپ يۈرىدۇ. . . » دېگەندەك تۇكى يوق ئىشلار. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ياش ئىدىم-دە! بولىۋاتقان ئىشلارغا بىر تۇرۇپ ئادەمنىڭ كۈلگىسى ، بىر تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ. ئوقۇش بىنالىرىنىڭ تاملىرى ھەرخىل چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىپ، قۇراق چۈشكەن ئەسكى يوتقاندەك بولۇپ قالغان. تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ بېشىدا ئېگىز قەغەز قالپاق، يۈز-كۆزىمىزنى جىن-شەيتانلارغا ئوخشسۇن، دەپ ئالا-يېشىل بوياۋەتكەن. قولىمىزدىكى ئەسكى داس-چېلەكلەرنى داراڭشىتىپ : مەن پالانچى بولىمەن، جىنايىتىم ماۋۇ، ماۋۇ. . . دەپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇش بىنالىرىنىڭ ئالدىدىن خۇددى ئەسكى تاملىقتىن ئۆتكۈن ئۆتكەندەك مېڭىپ ئۆتىمىز. ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق بولماس دەيمەن! . . . كېيىن، ئىسيانچىلار ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ بىر-بىرى بىلەن ئەلەم كۈرىشى قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى. بىزنى رىجىم ئاستىدا مەكتەپنىڭ قارا ئىشلىرىنى قىلىشقا سالدى. ئىسمىدە قېلىشچە، خەمىت بىزنىڭ خوجىلۇق بۆلۈمگە قاراشلىق سەي-كۆكتات ئورىلىرىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن. مەكتەپ پارخانىسىدا ئوتمۇ قالىغان . . . ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، شۇ قالايمىقانچىلىقلار بىلەن بولۇپ، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقا ھېچكىمنىڭ چولىسى تەگمىدى. لېكىن يەرنى تېرىماي ئاق تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ-دە! سېتىۋالغان يەرلىرىمىزنى ئىلگىرىكىدەكلا بۇ ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ دېھقانلىرى تېرىپ پايدىلىنىۋەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر يىلى ئۇلار مەكتەپكە ئاز-تولا ئاشلىق، ماي ياردەم قىلىپ تۇراتتى. كېيىن، ۋاقىت ئۇزارغانسىرى ھېلىقى چېدىرچە يېپىلغان ئۆيلەر ئادەم ئولتۇرمىغاچقا قاق بېسىپ، يامغۇر ئۆتۈپ ۋەيران بولۇشقا باشلىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت مەكتەپكە: سالغان ئۆيۈڭلار ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئادەم قويۇپ باشقۇرمىساڭلار بىز ئىگە بولالمايمىز، دەپ ئىنكاس قىلغان بولسا كېرەك. خەير ، شۇنداق قىلىپ ، تېخى قۇرۇلمىغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۆرۈلگىلى تۇرغان ئۆيلىرىگە قاراشقا رىجىمدا ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرەرسىنى ئەۋەتىدىكەن، دېگەن گەپنىڭ قۇلىقىمىزغا چۈشكىنى ئېسىمدە . كېيىن قانداق بولدى بىلمىدىم، بۇ يەرگە دەسلەپتە خەمىت مۇئەللىمنى ئەۋەتىشكەنىدى. مانا ئەمدى سىلەر: بۇ ئايدالاغا سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراشقا نېمىشقا باشقا كىشىنى ئەۋەتمەي خەمىت مۇئەللىمنى ئەۋەتكەن؟ دەپ سوئال قويساڭلار بولىدۇ.

ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق بىر-ئىككى شوراپ، ئالدىدىكى كۈلدانغا مىجىپ ئۆچۈردى-دە، بىزگە تەكشى قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

—سىلەرگە خەمىتنىڭ چىرايىنى قانداق سۈرەتلەپ بەرسەم بولار؟ ئىشقىلىپ، ئاق-سېرىق كەلگەن، ئالدىغا سەل ئىڭىشىپ ماڭىدىغان، ئورۇق يىگىت ئىدى. كۆزەينەك تاقاپ يۈرەتتى. شۇچاغدىكى ياش قورامى 30لار ئەتراپىدا بولسا كېرەك، لېكىن كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، ئېغىر مىجەزىگە قاراپ: قىرىقلارغا تاقاپ قالغان ئادەممىكىن، دەپ پەرەز قىلاتتى. قىزىق يېرى، ئۆزىنىڭ شۇنچە ھېسسىياتچان بولۇشىغا، مۇھەببەت توغرىسىدا شۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يازغىنىغا قارىماي، ئۆزى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى تېخى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، شۇ ياشقا كىرىپمۇ ئۆيلەنمىگەنىدى.

— مانا بۇ ھەقىقىي شائىركەن! — دېدى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ ! -دەپ ھەيران بولدۇق بىز.

— ئۆيلىنىشنىڭ ئۆزى شائىر ئۈچۈن پۇت-قولىنى چۈشەش، ھېسسىياتىنى بوغۇش بىلەن باراۋەر. شائىر ئۆزتەقدىرىنى بىر ئايالنىڭ قولىغا تاپشۇرمىغاندىلا ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى چەكسىز ئاياللار دۇنياسى ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ.

— ئوھوي، ئەمدى بۇ نەنىڭ نەزەرىيىسى بولدى؟

— مانا، ئىشەنمىسەڭلار شائىرلارنىڭ پىرى بولغان نەۋائىينى ئېلىڭلار، ئۇ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن. بىلال نازىممۇ بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ، غولجا مەدرىسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىدە تۇرۇپ، شۇ ئايال تۇرغان ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە يىراقتىن نەزەر سېلىپ، نۇرغۇن ئىشقى نەزمىلەرنى يازغان. شائىر

ھېرىسكە غايىۋى ئاشىق بولغان، لېكىن ئارمانىغا يېتەلمىگەن چاغدىلا مۇھەببەت توغرىسىدا تەسىرلىك نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ. ئويلىنىپ، ھەر ۋات-ۋات خوتۇننى ئۆيگە ئەكىردىڭمۇ، ئىشىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ!

– شۇنداق،-دەپ ئەدەبىيات مۇئەللىمىنىڭ سۆزىنى ئەستىقلىدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان،- گۈلنى ئۆز بەرگىدە كۆرگەن تۈزۈك، ئۈزۈپلا قولۇڭغا ئالدىڭمۇ، بىردەمدىلا جەلپكارلىقىنى يوقىتىدۇ...

ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ ئەدھەم ئاكىمۇ كۈلۈپ كەتتى-دە:

– خەمىت سىلەر دېگەندەك ھەقىقىي شائىرلىق ماقامىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆيلەنمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك بىرەر قىز چىقمىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا، شۇ ياشقا كەلگىچە ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر قىزنىڭ يۈرىكىدە ئوت پەيدا قىلالمىدىمۇ؟ بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن... بايا سۆزلەپ نەگە كېلىۋىدىما؟- دېدى.

– دېھقانچىلىق مەيدانىغا نېمىشقا باشقا ئادەمنى ئەمەس، خەمىتنى ئەۋەتكەن؟ دېگەنىدىڭىز.

– ھە، توغرا... ئەلۋەتتە مۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەرگە مەسىلىسى بار كۆرگەنلا كىشىنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ-دە! شۇ چاغدىكى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ خەمىتنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئۇ ياش، ساغلام ئىدى، ئەسلىدە ئۇ يېزىدىن كەلگەچكە دېھقانچىلىقنىڭ ئانچە-مۇنچە ئېپىنى بىلەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ بويتاق بولغاچقا، يىراققا بارالمايمەن، دەپ تارتىشىدىغان ئادىمى يوق ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن بولسا، ئۇنىڭ تارىخىمۇ باشقىلىرىمىزغا قارىغاندا ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئارخىپىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ۋاراقلىساڭلار قانچىلىك گەپ بار دەيسىلەر؟ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان... ئەزمىلىك قىلىپ گېپىمنى بەك سوزۇۋەتتىممۇ، قانداق؟- دېدى ئەدھەم ئاكا، - بىكار ئولتۇرغىچە بىر پاراڭ، بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھاياتىغا تاقىلىدىغان خېلى ئۇزۇن بىر ۋەقە. ئاراڭلاردا ھېكايە يازىدىغانلار بولسا، ماتېرىيال بولۇپ قالار. زېرىكىپ قالدىڭلارمۇ يە؟

– ياق، سۆزلەۋېرىڭ، – دېيىشتۇق بىز.

– سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، خەمىت بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى قانداقراق ھېس قىلغاندۇ؟

– يالغۇزچىلىقتا تازا زېرىككەندۇ؟- دېدىممەن.

– خەمىت ئەسلىدىمۇ باشقىلارغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان، يالغۇز يۈرۈپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئىدى، -دېدى ئەدھەم ئاكا، – شۇنداق بولسىمۇ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا مەكتەپتىن ئايرىلىش ئېغىر كېلىپ، ئۆزىنى خۇددى يىراق بىر يەرگە پالىنىۋاتقاندەك ھېس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خۇشال بولغىنى ئېنىق. ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، بۇ مەنزىرىسى گۈزەل، كەڭ بىر جاھان. بۇ يەردە مەكتەپتىكىدەك ھەر كۈنى شوئار توۋلاپ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى چاپلاپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇجىدىغان ياكى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىپ، دەككە-دۈككىدە ئولتۇرىدىغان ئىشلار يوق. ئۇ، بىخىرامان خىيالىنى سۈرۈپ، ئەركىن نەپەس ئېلىپ، خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان. سولغۇن چىرايىغا قانمۇ يۈگۈرگەن. مەكتەپ سېتىۋالغان يەرلەرنى تېرىۋاتقان كەنتنىڭ دېھقانلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، ھېلىقى چېدىرچە ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلغان-تۆكۈلگەن يەرلىرىنى رېمونت قىلدۇرغان. ئۇلار بىلەن بىللە يەر تېرىغان، سۇ تۇتقان، ئورما ئورۇغان. مانا شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ۋەقە بولغان.

– نېمە ۋەقە ئىكەن ئۇ؟- دەپ سورىدۇق بىر نەچچىمىز تەڭلا.

– مۇھەببەت!- دېدى ئەدھەم ئاكا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ،- بۇ يەردە خەمىت تۇنجى قېتىم چىن يۈرىكىدىن بىر دېھقان قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. قىزنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مايسە ئىدى. خەمىت ئۇ قىز بىلەن دەسلەپتە نەدە ئۇچرىشىپ قالغان، ئېتىزدىمۇ، خاماندىمۇ؟ ياكى ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن، ئېتىز ئىچىدىكى خىلۋەت ئاي يوللارنىڭ بىرىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ تونۇشۇش جەريانى قانداق بولغان؟ بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. سىلەر ياشلار بۇنى چۈشىنىسىلەر. ھايات دېگەندە ئاشۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھەممىمىزنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى-مىزنى سۈرۈشتۈرسە، كۆيۈپ-پىشقان، ئېلىشماقچى-تېگىشمەكچى بولغان ئادىمىمىز باشقا، ئاخىرىدا نىكاھلانغان ئادىمىمىز باشقا بولۇپ چىقىدۇ؛ ياكى بولمىسا خېلى يىللارغىچە كىمگە قىزىقىپ، كىمنى تاللاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرىمىز، ئويلىمىغان يەردىن ناتونۇش بىرسى پەيدا بولىدۇ-دە، ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالىمىز... خەمىت ئۇ قىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كۈچى بىلەن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغان. سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، دەككە-دۈككىچى-لىكتە ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالغان يىگىت ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى يېڭىباشتىن تونۇغاندەك بولۇپ، قەلبىدە ئاجايىپ شېئىرىي تۇيغۇلار قايتا ئويغانغان. ئۇ، چېدىرچە ئۆيلەرنى ئاپئاق ئاقارتىپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى رەتسىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنى تەكشى قىرقىپ چىققان. ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدىن ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن ئاياق يوللارغا شېغىل تاشلارنى يېيىتقان. ئىشىك ئالدىدىكى

چىملىقنىڭ ئىچىگە يەنە رەندىلەنمىگەن تاختايلاردىن قوپال قىلىپ بولسىمۇ، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق، ئۈستەللەرنى ياساپ ئورناتقان. مايسەم ئۇنىڭغا يېزىدىن ھەرخىل گۈللەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ ئەكىلىپ بەرگەن. بۇ ئىككىسى ئۆينىڭ ئەتراپىغا گۈللەرنى تېرىغان. بۇ گۈللەر رەڭمۇ رەڭ ئېچىلىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئاجايىپ يېقىملىق تۈسكە كىرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ گۈللەر بىلەن تەڭ چېچەك ئاچقان...

— شۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئەدىھەم ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر، — شائىر بار يەردە چوقۇم گۈل بولىدۇ، قىز بولىدۇ، مۇھەببەت بولىدۇ. ئەگەر دۇنيادا گۈل، قىز، مۇھەببەت دېگەنلەر بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر قىزىقىمۇ بولمىغان بولاتتىمىكىن، دەيمەن.

— ئۇ، چىرايلىق قىز بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى.

— كېيىن مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا رىجىمدە ئىشلەۋاتقانلاردىن يەنە بىر قانچەيلەننى ئەۋەتتى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى ئەدىھەم ئاكا، — ئۇلارنىڭ قاتارىدا بۇ يەرگە مەنمۇ كەلدىم. مەكتەپنىڭ بېتىۋالغان يەرلىرىنى تېرىپ دېھقانچىلىق قىلدۇق. خەمىت مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ھېلىقى قىزنى ئانچە-مۇنچە ئۇچرىتىپ قالاتتۇق. نېمە دېسەم بولىدۇ، قارىماققا ئاددىيلا بىر قىز. بىز ھازىر شەھەردە كوچىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىر سائەت ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىگە گىرىم قىلىدىغان قىزلارنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالدۇق. مايسەم قاراقۇمچاق كەلگەن، ھېچقانداق پەدازسىز، ساغلام يېزا قىزلىرىدىن ئىدى. كۈلگەندە مەڭزىدە ئىككى زىناق پەيدا بولۇپ، كۆزلىرى خۇمالىشىپ، ناھايىتىمۇ يېقىملىق بولۇپ كېتەتتى... قاراڭلار، بۇ يەرنىڭ ئۆزىمۇ قايەرگە قەدەم باسساڭ رەڭمۇ رەڭ دالا گۈللىرى تاۋلىنىپ تۇرىدىغان، ھەر قانداق بىر ياشنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق ھېسسىيات ئويغىتالايدىغان ئاجايىپ بىر ۋادىدە!... بەزىدە بىز مايسەم بىلەن خەمىتنىڭ توقايلىقلار ئىچىدە قول تۇتۇشۇپ يۈگرۈشۈپ يۈرۈپ يازنىڭ قىسقا تۈنلىرىنى تاڭغا ئۇلىۋەتكەنلىرىنى كۆرەتتۇق. قىزنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسىدىن ھۈركىگەن ياۋا ئۆردەكلەر پالاقشىپ قانات قېقىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بەزىدە ئۇلار تاغ تېرىكىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ، يىراق بىر يەردىن، ئورمانلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلىۋاتقان ئايغا قاراپ ئۈنسىز قېتىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇلارغا دەريانىڭ شارقىرىشى، بېشى ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى ھەتتا يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىمۇ توختاپ قالغاندەك بىلىنىپ، بىر-بىرىگە پەقەت يۈرەكلىرىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرغان ساداسىلا ئاڭلىناتتى. ئۇلارغا قارىغان كىشىنىڭ ھەققەتەن ھەۋىسى كېلەتتى... مېنىڭچە، سىلەر ھازىر كۆرۈۋاتقان قىز-يىگىتلەرنىڭ كىنوخانىلارنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى، ئىس-تۈتەك، قەلىتە مۇزىكىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭىغا تولغان كاتتا رېستورانلاردىكى مۇھەببەتلىشىشلىرى قارىماققا قالتىستەك كۆرۈنسىمۇ، يۇلتۇزلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان، ئاي ھەممىگە گۇۋاھ بولۇپ بېشىڭىزدا نۇر تۆكۈۋاتقان، نەمخۇش ساپ ھاۋا دىمىقىڭىزغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ ئۆز قوينىدىكى ئاشۇنداق مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئالدىدا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ... خەمىت مانا بۇ ئۇرگىناللاردىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىنى قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، شۇ چاغلاردا يازغان بولسا كېرەك.

ئەدىھەم ئاكا سۆزدىن توختاپ، يەنە بىر بۇرام تاماكا يۆگەشكە قەغەز يىرتتى. بىز ئەدىھەم ئاكىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ ھېلىقى ئۇرگىناللارنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق.

— مەن بۇ ھېكايىڭىزنىڭ ئاخىرىنى پەرەز قىلىپ بولدۇم، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان.

— قانداق؟ — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى ئەدىھەم ئاكا.

— ئەمدى خەمىت بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئۈچىنچى شەخس پەيدا بولىدۇ.

— پاھ، ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— بايا ئۆزىڭىز: بۇ، ئۈچ ئادەمنىڭ ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان بىر ۋەقە، دېمىدىڭىزمۇ؟... مېنىڭچە، ئۈچىنچى بىر شەخس پەيدا بولىدۇ. ئۇ، قىزنى تالىشىپ ئاخىرى خەمىتتىن تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بۇ شائىر ئاچچىق ھەسرەت بىلەن مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

— قۇرباننىڭ پەرىزى توغرا، — دېدى قادىر مۇئەللىم، — باياسىز يەنە: بۇ بىرەر ھېكايىگە ماتېرىيال بولغىدەك ۋەقە، دېگەنتىڭىز. بىرەر ھېكايىگە ماتېرىيال بولغىدەك ۋەقە بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم قىز-يىگىتنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى بىر شەخس قىستۇرۇلۇشى كېرەك، بولمىسا قىزىقى بولمايدۇ. مانا، تاھىر-زۆھرە، لەيلى-مەجنۇن، پەرھاد-شېرىن دېگەندەك تارىختا ئۆتكەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئېلىڭ، ھەممىسى شۇنداق.

— سىلەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقراق ئادەم پەيدا بولار؟ — دېدى ئەدىھەم ئاكا يېڭى تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنىڭ ئىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە، — دېدى قادىر مۇئەللىم، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن بىر دېھقان يىگىت پەيدا بولىدۇ. ئۇ، ئۆز يېزىسىدىكى چىرايلىق بىر قىزنى قانداقتۇر چەتتىن كېلىپ قالغان كۆزەينەكلىك بىر ئەپەندىنىڭ قولىغا كەلتۈرۈۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ئاخىرىدا قىزنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ... ئەگەر خەمىت مەقسەتكە يېتەلىگەن بولسا، مۇنچىۋالا كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ

ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە كەپتۇ؟... قولۇڭلاردىكى ئورگىناللارغا قاراڭلار، خەمىتنىڭ يازغانلىرىدىن ئۆز بەختىنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئادەمنىڭ ھەسرىتى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان مىسرالار ناھايىتىمۇ ئاز.

بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئۈچىنچى بىر ئادەم پەيدا بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلغىنىڭلار توغرا، — دېدى ئەدىبەم ئاكا. — لېكىن ئۇ ئادەم سىلەر ئېيتقاندەك بۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئەمەس، يەنە بىزنىڭ مەكتەپتىن چىقتى.

— مەكتەپتىن!؟

— ھە، بىزنىڭ مەكتەپتىن.

— كىم ئۇ؟

— ئۇ، مەن سىلەرگە باشتا گېپىنى قىلىپ بەرگەن، خەمىتنىڭ ساۋاقدىشى ۋە رەقىبى ھامۇت.

— ھامۇت بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالىدۇ؟

— ھامۇتنىڭ نېمە سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، — دېدى ئەدىبەم ئاكا. — ئىشقىلىپ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇمۇ ئارىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاڭلىساق، ئەسلىدە ئۇ بىر پومىشچىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرۇپ يۈرگەنىكەن. ئەمدى بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟ دەپ بىزمۇ ھەيران قالدۇق. ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى ئويلىسا، ھازىرمۇ ئادەمنىڭ بېشى تۈرەپ قالىدۇ. خەمىتنى تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلغان كۈنلەردە، ھامۇتنىڭ دائىم خەمىت يازغان بىر تۇتام شېئىرلارنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدىغىنى ئېسىمدە. ئاڭلىساق، بىزگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك گۈزەل مىسرالاردەك بىلىنەتتى. لېكىن ھامۇتتەكلەرنىڭ نەزىرىدە دەل مۇشۇ گۈزەللىكنىڭ ئۆزى ئەكسىيەتچىلىك ئىدى. ھامۇت شېئىرلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى تەھلىل قىلىشقا ئۆتەتتى. ئەيتاۋۇر مىسرالارنىڭ بىر يېرىنى يۇلۇۋېلىپ، يەنە بىر يېرىگە ئاپىرىپ قوراشتۇرۇپ، ئوڭىنى دۈم قىلىپ، ئاخىرىدا: «مانا بۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەسەر بولماي نېمە؟!» دەپ شۇنداق غەلىتە يەكۈنلەرنى چىقىراتتىكى، ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قورقىسى كېلەتتى... بىر قېتىم ئۇ:

قوشۇماق تۈرمە زىنھار،
جۈت كەتسە كېلۇر باھار...

دېگەن ئىككى مىسراغا تازىمۇ چىڭ ئېسىلىۋالدى. بۇ مىسرالارنى ھامۇت خەمىتنىڭ قايسى شېئىرىدىن يۇلۇۋالدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدە يەنە نېمە گەپلەر بار ئىدى، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە كىم بىلىدۇ دەيسىلەر. «مانا، مانا، قاراڭلار، — دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى ھامۇت شۇ چاغدا، — مانا بۇ مىسرالاردا ئاپتورنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى ئاپئاشكارا تۇرمامدۇ؟!... ئۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار زامانىمىزنى جۇتقا ئوخشاتقان، ئۆزىنىڭ قولىدىن كەتكەن باھارنى يەنە قايتىپ كېلىدۇ، دەپ جار سالغان...» ھامۇتنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: خەمىتنىڭ بوۋىسىمۇ ياكى بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نېمىسى ناھايىتى ھاللىق ئۆتكەن ئادەممىش. ئۇ، نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە بېيىغانىكەن... ھامۇت ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى. خەمىتنىڭ بوۋىسى قايسى زاماندا ئۆتكەن ئادەم؟ ئۇ، كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى قانداق شورىغان؟ ھەربىر ئادەمنى تۇرۇسقا بىر-بىرلەپ ئېسىپ، تاپىنىدىن تېشىپ شورىغانمۇ ياكى باشقىچە بىر سېھىرگەرلىكلەرنى قىلغانمۇ؟... بۇ تەرەپلىرىنى تازا ئىنچىكىلەپ سوراپ كەلسە، ھامۇتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەس دەيمەن. ئەمما بىز خەمىتنىڭ يېزىدىكى بىر نامرات ئائىلىدىن كەلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتۇق. ئەمدى كېلىپ، ھامۇت ئۆزىنىڭ پومىشچىكنىڭ بالىسى چىقىپ قالغىنى قانداق بولدى؟... ئۆكەملەردە ھودۇقىنىدىن: «ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلايمەن، دەپ «يوقالسۇن» دەپ شوئار توۋلاپ سېلىپ، گەپنى ئوڭلاپ قىلىمەن، دەپ تەتۈر قىلىپ قويۇپ بالاغا قالغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھامۇتمۇ بېشى قېيىپ ئۆزىنىڭ ئائىلە تارىخىنى خەمىتكە چاپلىغانمۇ؟ ئىشقىلىپ، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ باش-ئاخىرىغا چىقارغىلى بولمايتتى... راستىنى ئېيتقاندا، بىز ھامۇتنى «سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرغان» دېگەن گەپكە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدۇق. ئۇنى مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقانلارنى ئاستىرىتتىن نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدۇق. دېمىسىمۇ، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا مەسىلىسى بار بىرمۇنچە «گېزەندىلەر» يىغىلىپ قالغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىگە كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان بىرەر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ-دە!؟... ھامۇت كېلىشى بىلەنلا ئۆز ئارا قىلىشىدىغان كۈلكە-چاقچاقلىرىمىز ئۆچۈپ، سوغۇق كەيپىيات پەيدا بولدى. دېيىشكە تېگىشلىك ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىزنىمۇ تارازىغا سېلىپ دەڭسەپ دەيدىغان بولدۇق. بۇ يەرگە كېلىپلا ھامۇتنىڭ كۆزى يەنە خەمىتكە قادالدى. قارىسا، خەمىت بۇ يەردە ناھايىتى ئەركىن بولۇپ كەتكەن، ھەتتا بىر چىرايلىق قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن. ھامۇتنىڭ نەزىرىدە خەمىت مەسىلىسى بار ئادەم بولغاندىكىن، يۇۋاشلىق بىلەن باش كۆتۈرمەي ئەمگەك قىلىپ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن تەشكىلگە ۋاقتى-ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى-دە. يەنە خالىغانچە بىر نېمىلەرنى يېزىپ، قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرىدۇ دېگەن نېمىگەپ!؟... ھامۇت ئىچىدە شۇنداق ئويلىسىمۇ ئۆزىچە چاندۇرماي خەمىت بىلەن يېقىن بولىۋېلىپ يۈردى. ئېھتىمال مۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئۇچىغا چىققان ھاماقەت ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق چاغلىسا كېرەك. خەمىت هامۇتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇمۇ يېزىپ يۈرگەن شېئىرلىرىنىڭ ئورگىناللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، چېدىر ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تىقىۋېتىپ هامۇت بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىپ يۈردى. بۇ ئىككى رەقىب شۇ يەردىكى ئېتىز يوللىرىدا بىللە ماڭغان، توقايلىقلارنى بىللە سەيلە قىلغان، دەريا قولتۇقلىرىدا بىللە بېلىق تۇتۇشقان؛ ئەتىگەندە دەريا ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان، قىزىرىپ چىقىۋاتقان قۇياش، يېزا تەرەپتىن چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان پادىلار توپىنى بىللە كۆرۈشكەن. ئۆزىنىڭ چىراي-شەكلىگە ناهايىتىمۇ ئىشىنىپ، هەرقانداق ئايال زاتىنى ئىندەككە كەلتۈرەلەيمەن، دەپ ئويلايدىغان هامۇت هەتتا خەمىتنى پات-پات ئىزدەپ كېلىپ تۇرىدىغان هېلىقى قىزغا ئانچە-مۇنچە قاناتمۇ سۆرەپ باققان، لېكىن مايسەم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىغان. قىز خەمىتنىڭ ئارقىسىدا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمدىن ناهايىتى بىزارئىدى. شۇنىڭ بىلەن، هامۇتنىڭ ئىچى تېخىمۇ ئۆرتىلىپ كەتتى. ئۇ، مەكتەپكە: خەمىتنىڭ هەرىكەتلىرى سىرلىق، يوۋاشلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي، نىملەرنىدۇر يېزىپ تىقىشتۇرۇپ يۈرىدۇ. بىر قىز بىلەن مەخپىي بېرىش-كېلىشى بار. . . دېگەندەك غەلىتە ماتېرىياللارنى يېزىپ يوللاپ تۇرغان. . . مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەمىت تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى.

- نېمە، يوقاپ كەتتى؟- دەپ سورىدۇق بىز چۈشەنمەي.

- خەمىت، خەمىت يوقاپ كەتتى.

- نەگە يوقاپ كېتىدۇ؟

- ئۇنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقى هەممىمىز ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى،- دېدى ئەدىهەم ئاكا،
- خەمىت دەسلەپكى كۈنى ياتاققا قايتىپ كەلمىگەندە، ئېهتىمال ئۇ مايسەم بىلەن دالىدا تۈنىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق. ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن هەممەيلەن ئەندىشگە چۈشۈپ جىددىي ئىزدىدۇق، هېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. مايسەممۇ بىز بىلەن تەڭ خەمىتنى ئىزدەپ سەكپارە بولۇپ كەتتى. هامۇت مەكتەپكە: خەمىت ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، دەپ مەلۇمات يوللىدى. بۇ گەپكە هېچكىم ئىشەنمىدى. خەمىتنىڭ قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكۈدەك زادى قانچىلىك جىنايىتى بار دەيسىلەر؟ . . . ئۇ كەملەردە هەرخىل سىياسىي بېسىم ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان ئەهۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى. لېكىن خەمىتنىڭ چەتكە قېچىش نىيىتى بولسا، بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز يۈرگەن چاغلاردا ياكى مەكتەپتە ئېگىز قەغەز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىنغان ئېغىر كۈنلەردە قاچماي، بۇ يەردە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن كۆڭۈللۈك مۇهەببەتلىشىۋاتقان كۈنلەردە قىزنى تاشلاپ قاچامدۇ؟ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولسا، قايسى دۆلەتكە چىقىپ كەتتى؟ . . . بۇ سوئاللارغا هېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى. كېيىنكى كۈنلەردە چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزيۇرتلىرىنى كۆرگىلى كېلىشتى، لېكىن خەمىتنىڭ خەۋىرىنى ئۇلارنىڭمۇ هېچقايسىسى دەپ بېرەلمىدى.

- ئۆلۈپ كەتتىمۇ يە؟

- ئۇ ئۆلگەن بولسا جەستى قېنى؟ قەبرىسى قەيەردە؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆلدى؟ بۇ سوئاللارمۇ جاۋابسىز قالدى.

- مۇنداقتا، بۇهېكايىڭىز ئوڭايلا ئاخىرلىشىپ قالدىغۇ؟-دېدى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر.

- ئالدىرىماي تۇرماسىلەر،-دېدى ئەدىهەم ئاكا،
- سۆزلەيدىغانلىرىم تېخى تۈگىمىدى. مەن ئەدەبىياتچى بولمىغاچقا، ۋەقەنى تازا رەت-رېتى بىلەن دەپ بېرەلمەيۋاتىمەن. ئەمدى گەپنى يەنە شۇ خەمىت يوقاپ كەتتى بولغان كۈنلەردىن باشلايلى. خەمىتنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىشى بولۇپمۇ مايسەمگە ناهايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى. چۈنكى بۇ يېزا قىزى ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ شادلىقنى شۇ خەمىت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن تاپقان، كەلگۈسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن تاتلىق ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغا باغلىغانىدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بۇ ئېغىر يوقىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەقلىدىن ئازغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ، شۇ ئەتراپتىكى ئېدىرلار، توقايلىقلار، دەريا بويلىرىنى ياقىلاپ توختىماي يۈگرەپ: «خەمىت! خەمىت! » دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ: «خەمىت! خەمىت! » دەپ ۋارقىرىغان نالىسى يىراقتىكى تاغلاردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كېلەتتى. هەممىمىز بىچارە قىزنىڭ هالىغا ئېچىناتتۇق. مايسەم يېزىدا يالغۇز بىر موممىسى بىلەن تۇرىدىغان قىز ئىكەن. بىچارە موماي قىزنى ئارقىسىدىن ئىزدەپ چىقىپ دەريا بويلىرى، تىك قىيالارنىڭ ئۈستىدىن تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەتتى. . . بىر كۈنى چۈشتە، نەق هېلىقى چېدىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا - خەمىت ياساپ ئورنۇتۇپ قويغان ئۈستەل-ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتۇق، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمىزدا مايسەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ توپتوغرا هامۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- خەمىت قېنى؟- دېدى.

قىزنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن هامۇت دۇدۇقلاپ:

-خە، خە، خەمىتىڭنى مە-مە-مەن نەدىن بىلەي،

- دېيىشىگىلا قىز ۋارقىرىغىنىچە كېلىپ:

- خەمىتنى سەن، سەن ئىت ئۆلتۈردۈڭ!- دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. هامۇت قېچىپ ئارانلا قۇتۇلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ قىز چېدىر ئۆينىڭ ئالدىدا پات-پات پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. هەر قېتىم قىزنىڭ

قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ھامۇت، قورقىنىــــــدىن تامەك تاشىرىپ، ئۆزىنى نەگە قاچۇرۇشنى بىلمەي قالاتتى. بەزىدە بىز ھامۇت يوق چاغدا مايسەمنى چاقىرىۋېلىپ، خەمىتنى ھامۇت ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ؟ نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟ دەپ گەپكە سالاتتۇق. بىر كۈنى مايسەم قويندىن قولياغلىققا ئورالغان بىر نەرسىنى چىقىرىپ بىزگە كۆرسەتتى. قارساق، قولياغلىقتا خەمىتنىڭ سۇنغان كۆزەينەكى تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلاشمىغان، چۈشىنىكسىز سۆزلىرىدىن تازا ئويلىنىپ بىر خۇلاسە چىقارغاندا مۇنداق مەزمۇن چىقاتتى: ئەسلىدە خەمىت يوقاپ كەتكەن كۈنى چۈشتىن كېيىن خەمىت بىلەن ھامۇتنىڭ دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاشلىق بىر ئارالغا ئۆتۈپ، بېلىق تۇتماقچى بولۇپ دەرياغا تور تاشلاپ ئولتۇرۇشقىنىنى مايسەم كۆرگەنىكەن. شۇ يەردە خەمىت بىلەن ھامۇت بىر-بىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالغان. بۇ ئىككى رەقىبنىڭ بىر-بىرىگە قول شىلتىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرگەن. قىز: بۇلار نېمە بولۇشقاندۇ؟.. . ئەر خەقلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، دەپ كېتىپ قالغان... سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، خەمىت بىلەن ھامۇت نېمە تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن قىزىرىشقاندۇ؟ ئەلبەتتە ئۇلار ئارتۇق كەتكەن بىرەر ئېغىز چاقچاقتا تېرىكىپ ياكى ئەرزىمەس بىرنېمىلەرنى تالىشىپ بىر-بىرىگە قول شىلتىشىپ كېتىدىغان كىچىك بالا ئەمەس. چوقۇم گەپ ھامۇتنىڭ بۇيەردىكىلەرنىڭ ئۈستىدىن مەكتەپكە توختىماي راست-يالغان مەلۇمات يوللاپ يۈرگەن ئىشى ئۈستىدە بولغان. خەمىتنىڭ ھامۇتقا جاندىن ئۆتكىدەك بىر-ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغىنى ئېنىق. مەسىلەن، ئۇ ھامۇتقا:

- مۇنداق قىلىپ كۆن ئالغىچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، ئادەم ئەمەس ئىتكەنسەن!... دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھامۇت سەل قىزىققان، ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزىدىن ئوڭايلا بىزەپ گەپلەر چىقىپ كېتىدىغان نەرسە ئىدى. ئۇ، ئاچچىقىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

- ھەدەڭنى پالان قىلاي!- دېگەن. خەمىت:

- ھەدەمنىڭ ئېرى بار دېگىنە، چىشىڭ پاتماسمىكىن،- دېگەن. ھامۇت:

- ئەمىسە سىڭلىڭنى... دېگەن. خەمىت:

- سىڭلىم بولسىغۇ شۇنداق قىلساڭ بولاتتى، ساڭا بەرگۈدەك سىڭلىممۇ يوق دېگىنە،- دەپ يەنە ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان. ھامۇت تېخىمۇ ئەدەپ:

- ئەمىسە ئاناڭنى... دېگەن. ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغان خەمىت:

- مېنىڭغۇ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، ھازىرچە ئۆزۈڭنىڭ ئانىسىنى شۇنداق قىلىپ تۇرساڭ بولارمىكىن!- دەپ ھامۇتنىڭ بۇرنىغا كاچچىدە بىرنى سالغان.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياقىلىشىپ ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتكەن. ھامۇت خەمىتتىن قاۋۇلراق ئىدى. ئۇ ئاتقان بىر مۇشت خەمىتنىڭ بېشىغا تېگىپ، كۆزەينىكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. خەمىت كۆزەينىكى بولمىسا ئالدىدىكى نەرسىلەرنى تازا ئوچۇق كۆرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ كۆزەينىكىنى تاپماقچى بولۇپ ئېڭىشىپ يەرنى سىپاشتۇرغان. ھامۇت: خەمىت يەردىن تاش ئېلىپ مېنى ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ چاققانلىق بىلەن يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ، ئېڭىشىپ تۇرغان خەمىتنىڭ بېشىغا ئۇرغان. خەمىت شۇ يەردىلا يىقىلغان...

- ئۆلدى دېمەكچىمۇ سىز؟

- شۇنداق. تاش ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىپ كەتكەن. بەلكىم ھامۇت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي، دەپ ئويلىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئىشنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولۇپ چىققان.

ھەممەيلەن خىيالغا چۆشۈپ جىمىپ كەتتۇق. ئەدىبەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا مىجىپ ئۆچۈردى. يەنە بىر-ئىككىلەنمۇ ئارقا-ئارقىدىن تاماكا چەككەچكە، ياتاق ئىچىنى تۈتۈن قاپلاپ كەتكەنىدى. كىمدۇر بىرى ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتى. ئالادا يامغۇر تېخىمۇ جىدەللەپ ياغماقتا ئىدى. پۈتۈن دىققىتىمىز ئەدىبەم ئاكا سۆزلەۋاتقان ۋەقەلىكتە بولۇپ قالغاچقا، يېغىۋاتقان يامغۇرمۇ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

- ئەگەر بىر جىنايەتچى ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريانىڭ بويىدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا،- دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەدىبەم ئاكا،- ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەت ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىدۇ؟

- ئالدى بىلەن جەسەتنى كۆزدىن يوقىتىدۇ، -دېيىشتۇق بىز.

- جەسەتنى قانداق يوقىتىدۇ؟

- سۇغا تاشلايدۇ.

- توغرا، سۇغا تاشلايدۇ... خەمىتنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھامۇت ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قارىغان. ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن سۇغا تاشلىغان تورنى ئالدىراپ يىغىۋالغان. ئاندىن خەمىتنىڭ جەسىتىنى يوغان بىر تاش بىلەن قوشۇپ تورغا چىرماپ باغلاپ دەرياغا غولىتىۋەتكەن. خەمىت ئەنە شۇ سائەتتىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدىن غايىب بولغان... ھامۇت جىنايەت ئىزىنى ھەرقانچە ئۈستىلىق بىلەن يوقاتتىم دېسىمۇ، يەنە بىر ئىشتا چاندۇرۇپ قويغان. ئۇ، خەمىتنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كۆزەينىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. قىز خەمىت ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھامۇت بىلەن دەريا لېۋىدە تاكاللىشىپ تۇرغاندا كۆرگىنىنى ئېسىگە ئالغان. ئۇ يەرگە بېرىپ خەمىتنىڭ دەسسىلىپ

www.uyghurkitap.com

سۇنغان كۆزەينىكىنى تېپىۋالغان. خەمىت چەت ئەلگە قاچقان بولسا، كۆزەينەكسىز يۈرەلمەيدىغان خەمىت ھېچ ۋاقىتتا كۆزەينىكىنى دەريا بويىغا تاشلاپ قويۇپ قاچمايدۇ-دە! ؟ خەمىتكە چوقۇم ھامۇت زىيانكەشلىك قىلدى، دەپ جەزملەشتۈرگەن. بۇ پاجىئە مايسەمگە ئەڭ ئېغىر تەسىر قىلدى. قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ گۈزەل ۋادا خەمىتسىز ئۇنىڭ كۆزىگە گۆردەك قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنى بىلىپ-بىلمەي: «خەمىت! خەمىت!» دەپ ۋارقىراپ يۈگرەيتتى. ھامۇتنى كۆرگەن يەردە: «خەمىت قېنى؟ خەمىتنى سەن ئۆلتۈردۈڭ!» دەپ ياقىسىغا ئېسىلاتتى. قىز ئىلگىرى خەمىت بىلەن بىللە ماڭغان ئېتىز يوللىرى، ئېدىرلار، توقايلىقلاردا يۈگرەپ يۈرۈپ تاپانلىرى يېرىلدى، چاچلىرى پاخپايدى، ئورۇقلاپ بىرتال قۇرۇق ياغاچقىلا ئايلىنىپ قالدى.

.. مانا مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق بىر يامغۇر كۈنى مايسەمنى مومىسى دەريا ياقىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ كەتتى. قىزنىڭ ئۆپكىسىگە قاتتىق سوغۇق تەگكەنلىكتىن بىرنەچچە كۈن ئوت-كاۋاب بولۇپ قىزىتىپ ياتتى-دە، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى.

- قىزمۇ ئۆلۈپ كەتتىما؟- دېيىشتۇق بىرنەچچىمىز تەڭلا.

- شۇنداق، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت باستى.

- شۇنداق قىلىپ، مۇھەببەت توغرىسىدىكى بىر چىرايلىق ناخشا پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى، دەڭ؟- دېدى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر.

- ھامۇت ھازىر قايەردە؟- دەپ سورىدىمەن.

- ھامۇتما!- دەپ ئويلىنىپ قالدى ئەدىھەم ئاكا،- ھامۇت ھە...

- قىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئەبلەخ «ئۇھ!» دەپ ئارام تېپىپ قالغاندۇ؟- دېدى كىمدۇر بىرى.

- شۇ چاغدا بىزمۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئويلىغاندۇق، - دېدى ئەدىھەم ئاكا، - لېكىن ھامۇت قىز ئۆلۈپمۇ ئارام تاپالمىدى. ئۇ، كېچىلىرى جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇقساق، ماڭسىمۇ، ياتسىمۇ، نېمە قىلىشۋاتقان بولمىسۇن، قىزنىڭ: «خەمىت، خەمىت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى، ۋادىلاردىن: «خەمىت، خەمىت!» دەپ قايتقان ئەكس سادالار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەردائىم جاراڭلاپ تۇرغاندەك بولۇپ مېڭىسىنى قوچۇۋېتەتكەن، كۆزىنى يۇمسىلا خەمىتنىڭ تورغا يۆگەپ تاشلىغان جەسىتى دەريادىن لەيلەپ چىقىۋاتقاندەك، خەمىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ھامۇتقا جۈنۈپ: «مۇنداق كۈن ئالغىچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ؟ ئادەم ئەمەس ئىتكەنسەن!» دەۋاتقاندەك كۆرۈنگەن چېغى. ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب بولماس، دەيمەن. ھامۇت شۇنىڭدىن باشلاپ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالدى. ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى. دائىم ئۆز-ئۆزىگە: ئادەم ئەمەس ئىتكەنسەن... ئىتكەنسەن، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ!... دەپ پىچىرلاپلا يۈرگىنىنى كۆرەتتۇق. ئايلاپ ساقال-بۇرۇتىنىمۇ ئالماي بوۋايغىلا ئوخشاپ قالدى. بىر كۈنلەر كەلگەندە ئۇمۇ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى.

- كىم؟!

- ھامۇت!

- ھوي!- دەۋەتتى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر، - سىز بۇ ھېكايىڭىزدىكى ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ يوقىتىپ بولدىڭىزغۇ؟

- مەندە نېمە ئامال؟! - دېدى ئەدىھەم ئاكا، - مەن سىلەرگە بۇ ۋەقەنى ئىچىمدىن توقۇپ چىقىرىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىم يوق. نەق بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىۋاتىمەندە!... بىز ھامۇتنىمۇ بىرقانچە كۈن ئىزدىدۇق. مەكتەپكىمۇ خەۋەر قىلدۇق، ھېچيەردىن دېرىكى بولمىدى. بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ، شۇ كۈنى ھامۇتنىڭ دەريا بويىدىكى بىر تىك قىيانىڭ ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنىكەن. ھامۇت ئۇ يەردە مۈكچۈيۈپ ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلىدى؟ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا قانداق كۈرەشلەر بولدى؟ ئاخىرىدا ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شۇ تىك قىيادىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتتىمۇ ياكى باشقا بىر ۋەقە يۈز بەردىمۇ؟ ... بۇ بىر سىر بولۇپ قالدى.

- ئەگەر ھامۇت ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان بولسا، -دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان، - ھەر ھالدا ئۇنىڭدا ئازىراق بولسىمۇ ۋىجدان بار ئىكەن.

- راست گەپ، - دېدى كىمدۇر بىرى،- شۇ يىللاردا باشقىلارغا ھارغىچە زىيانكەشلىكلەرنى قىلىپ، يەنە ھازىرغىچە ئارىمىزدا يۈزىنى داپتەك قىلىپ كېرىلىپ يۈرگەنلەرمۇ بارغۇ!

- كېيىن ئەينى يىللاردا سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ نامى ئومۇميۈزلۈك ئاقلاندى،- دېدى ئەدىھەم ئاكا ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ،- خەمىتنىڭ ئىسمى ئاقلانغانلارنىڭ تىزىملىكىگە بىرىنچى بولۇپ يېزىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نامى ئاقلانغان بىلەن ئۆزى ئارىمىزدا يوق. مانا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئورگىناللىرى ھازىر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا تۇرۇپتۇ. ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت، بۇلبۇللارنىڭ ساداسى، گۈزەللىك بىلەن تويۇنغان كەڭ دالا، بۇلاق بېشىدا مۈڭلۈنۈپ ئولتۇرغان يىگانە قىز دېگەندەك مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. ھەممە مىسرالىرىدىن گۈپۈلدەپ گۈل پۇرىقى پۇراپ تۇرسىمۇ، يەنە چوڭقۇر بىر ھەسرەتمۇ بار. سىلەر ئېيتقاندەك شادلىق بېغىشلايدىغان مىسرالار كەمدەكمۇ قىلىدۇ. تېخى تونۇلمايلا بىز بىلەن ۋىدالاشقان بۇ شائىرنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك خۇشاللىق بولغان دەيسىلەر؟ ئومۇمىي خەلق شادلىققا

ئېرىشكەن ياخشى كۈنلەرگە ئۇ يېتەلمىدى. . .

* * *

كېچىچە چىققان شامال بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئەتىسى قۇياشنىڭ ئەتراپقا ئىللىق نۇر چېچىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆردۇق. ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپلا دەريا بويىغا قاراپ ماڭدۇق. قاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ قالغانىدى. لايقىپ قالغان سۇ كۆۋەجەپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئاخىرقى يامغۇر تامچىلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. يىراقتىكى ياپيېشىل تاغ چوققىلىرى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېدىرلار، دەريا ۋادىسىدىكى يېيىلىپ ياتقان توقايلىقلار. . . پۈتكۈل تەبىئەت يامغۇردا يۇيۇنۇپ تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالغانىدى. نەم يەردىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە نەرسە نېپىز تۇمان ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى.

كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ھەممىمىز جىمىپ كەتتۇق. قۇلىقىمىزغا ھېلىقى توقايلىقلار ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن قىزنىڭ: «خەمىت، خەمىت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، ئىگىز بىر قىيانىڭ ئۈستىدە مۈكچىيىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ھامۇت، دەريادا لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان جەسەت كۆزىمىزگە قايتا كۆرۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. تەبىئەت شۇنچە گۈزەللىك ئاتا قىلغان بۇ ۋادىلاردىمۇ ئاشۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. .

.

— تېخى ھەممە يەر نەمكەن، توقايغا چۈشتىن كېيىن ئۆتسەك بولغىدەك، — دېيىشتۇق.

1999-يىل، مارت .

# ئوت كەتكەن دەريا

يازنىڭ دىمىق ئىسسىق بىر كۈنى. ئازىراق سالقىنلاش ئۈچۈن ئاممىۋى باغچىغا كىرىپ، بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئەمدىلا ئولتۇرۇۋىدىم، بىرسى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، روھىي كېسەللەر دوختۇرى سەيدۇللا ئاكا، چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئادەم تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بىچارە ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلمەمدۇ، قانداق؟ يىراقتىنلا قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ھاي، يازغۇچى ئەپەندىم، يازغۇچى ئەپەندىم ! . . . يائاللا، سىزنىمۇ ئۇچرىتىدىغان كۈن بولىدىكەن-ھە! ؟ . . . — دېگىنىچە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

«چۈش كۆرۈۋاتامەنمۇ، قانداق؟» دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپ-ئېچىپ چىمچىقلىتىپ باقتىم. ئەتراپىمغا قارىسام، نېرىراقتىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان يولدا ئادەملەر ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشۈپتۇ. ئالدىمدىكى دەرەخلىكتە ئۇششاق بالىلار چاڭىلداپ كۈلۈپ يۈگرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. ھەممە نېمە شۇنچىلىك نورمال. ئاڭغىچە دوختۇرمۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا ھاسا تاياق. بۇ ئادەم ئىلگىرى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنىدى. ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ: بۇ ئادەمنىڭ ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپى بارمىتىكىنا؟ دەپ قالدىم-دە، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ! — دېدى دوختۇر ئوڭ قولىدىكى ھاساتايىقىنى سول بېلىكىگە ئىلىپ قويۇپ، ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — سالامەتمۇسىز؟

ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم-دە، ئىختىيارسىز ئالقىنىمغا قارىدىم. ئالقىنىمدا قۇرۇق ئىسكىلىت ئەمەس، تىرىك ئادەمنىڭ گۆشلۈك قولى تۇراتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

«تۇۋا!» دېدىم ئىچىمدە، ئۆلگەن ئادەمدىن «ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟» دەپ سورىغىنىم نېمىسى. . .

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى دوختۇر، — مۇشۇنچىلىك تۇردۇق. ئۆزىمىز تۈگەشكەن بولساقمۇ، يەنە روھىمىز جايىدا. «روھ ئۆلمەيدۇ» دېگەننى ئاڭلىغانمۇسىز؟

— ھە، روھ-ھە. . . ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىغا قاراڭ، پادىچىلارنىڭ ھاي-ھايلىرى ئۇنىڭدىن ياخشىراق . . .

ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. ئىچىمدە بولسا: دوختۇر ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمەپتۇ-دە؟ . . . دېمەك مەن دوختۇرنىڭ روھى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئوخشىمامدىمەن؟ دەپ ئويلاۋاتاتتىم.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ! — دېدى دوختۇر ھاسا تايىقىنى ئورۇندۇقنىڭ بىر يېنىغا تىكلەپ قويۇپ، جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، — سىزمۇ بۇ يەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز-دە؟ مەنمۇ بۇ باغچىغا كىرسەملا مۇشۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرىمەن.

- ھە، بۇ يەرنى دەمسىز؟ . . . بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەگلەر بۇ يەرگە كېلىپ قاپاق چېلىم تارتاتتىكەن.

- ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە قۇچاق يەتمەيدىغان ھەر يوغان قارا ياغاچلار بولىدىغان، قۇرۇپ تۈگىدى، - دېدى دوختۇر، - ماۋۇلار شۇ قارا ياغاچلارنىڭ يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان روھلىرى. . . مۇنۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ رەڭگىنىڭ سەتلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ سۈزۈكلىكىدىن ئاستىدىكى تاشلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چوكانلار سۇدىكى شولىسىغا قاراپ چېچىنى تارايدىغان. . . شۇ كۈنلەردە ھەممىمىز ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىچىنى زىننەتلەپ ئاجايىپ-غارايىپ قىلىۋەتكىلى تۇردۇق. ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى قاراڭ. . . نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز؟

- مېنى دەمسىز؟ . . . توۋا، ئۆلتۈرمىدىمما؟

. . . مەن تېخى ئۆلتۈرۈپ بولدۇم دەپتىمەن. . . بوپتۇ، ئۆلتۈرسام ئۆلتۈراي، - دەپ دوختۇرنىڭ يېنىدا ئۆلتۈردۇم. ئۆزۈمنىڭ مەيلىمچە بولسا ئالدى-كەينىمگە قارىماي قاچقىم بار ئىدى. قانداق قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆلتۈرغىنىمغا زادى ئەقلىم يەتمەيتتى.

- ھە، يېڭى بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتامسىز، قانداق؟- دەپ سورىدى دوختۇر.

- يېقىندىن بېرى ھېچنېمە يازمىدىم.

- قاچانلا سورىسام سىزنى ئۇياققا كەتتى، بۇ ياققا كەتتىلا دەيدۇ، يازىدىغان نېمىنى تاپالماي پالاقلاپلا يۈرەمسىز نېمە؟

- بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپمۇ قالىدۇ.

- چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ، دېگەن شۇ-دە. مانا، مېنىڭ قېشىمغىلا كەلسىڭىز بولمامدۇ. روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەممۇ نەچچە كىتاب بولىدۇ.

- ئۇ يەردە يازغىدەك نېمە ئىش بولسۇن؟

- ۋاھ، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ، ھەممە قىزىقچىلىق شۇ يەردە. ياراتقان ئىگەم ھەر بىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى شۇنچىلىك نازۇك قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىققانكى، قويۇۋېرىڭ، ئۇنىڭدا بىر تال ۋېنتا ئۇشۇق بولۇپ قالسىمۇ، كەم بولۇپ قالسىمۇ، ساق ئادەم ھازىرلا غەلىتە بولۇپ قالىدۇ. ئاھاي، قىزىقچىلىقنى شۇ چاغدا كۆرىسىز. مانا، بىزنىڭ ئۇ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى ئاشۇنداق ساراڭلار يىغىلىدىغان ئورۇن دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

. . . مەن شۇنداق نېرۋا كېسەللەرنى كۆرگەنمەنكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جاڭىلداپ تۇرغان سوغۇقتا تالادا يالىڭاچ تۇرۇپمۇ توڭلاپ قالمايدۇ؛ بەزىلىرى كۈنلەپ ھېچنېمە يېمەيمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ. بەزىلىرى شۇنچىلىك ياۋاشكى، ئۆلتۈرغان يېرىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە كەچ كىرگىچە مىدىرلىماي ئۆلتۈرىدۇ. بەزى يامانراقلىرى ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ، قولىغا چىققاننى سۇندۇرۇپ، ئەسەبىيلىكتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. بىز بۇ ساراڭلارنى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بىر قورۇدا ساقلايتتۇق. يامانلىرىنى يەنە ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قوياتتۇق. ئىشقىلىپ، ئۇ يەردە ھەركۈنى ئەقلىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىسىز. . .

سەيدۇللا دوختۇر ئاشۇنداق قىزىپ، ساراڭلار توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ئۆلگەن ئادەمنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرغىنىمنى ئاز دەپ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىمگە تېخىمۇ قورقۇنچ چۈشتى. «ئەستا!» دەيمەن، ئورنۇمدىن قوپۇپ ماڭغىدەك بولسام، دوختۇر يېنىدىكى ھاسا تايىقى بىلەن بېشىمغا سالىدىغاندەك قىلىدۇ. خۇددى بىرسى ئورۇندۇققا يەملەپ قويغاندەك ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

- مانا، مەن بىر كېسەلنى داۋالىغان، - دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى دوختۇر، - قاچانلا قارىسىڭىز سىزگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغىنى تۇرغان. بۇ شۇنچىلىك مەنىسىز، شۇنچىلىك غەلىتە ھىجىيىشكى، بىز ئۇنى ئۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ، ھەرقانداق قىلىپ چىرايىدىكى ھېلىقى يېقىمسىز ھىجىيىشنى يوق قىلالمىدۇق. بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ شۈركىنىپ كېتەتتىم. ئۇ خۇددى ماڭا قاراپ: «ھەي بىچارە دوختۇر، ھەر كۈنى ئىشقا كېلىسەن، ئىشتىن قايتىسەن، بالا-چاقاڭنى باقىمەن دەپ توختىماي پالاقلايسەن، ئايلىق مائاشىمدىن، خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەنمىكىن، دەپ كىملەرگىدۇر خۇشامەت قىلىسەن، يالغان سۆزلەيسەن، ساڭا نېمە ئازاب!» دەپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

- توۋا! - دېدىممەن، - ئۇ شۇنداقمۇ ئويلامدىغاندۇ؟

- ھېچنېمىدەپ بولمايدۇ، - دېدى دوختۇر، - بىز ئۇلارنى ساراڭ دېگىنىمىز بىلەن، ئۇلارغا بىزنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرۈشلىرىمىز ساراڭنىڭ قىلىقىدەك بىلىنىشى مۇمكىن. . . تېخى بەزىلىرىنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغ نەرسە تەتۈر كۆرۈنىدۇ، دېمەمسىز. ئۇ يەردە بىر ئايال بولىدىغان، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرەتتى. كېسىلى ئەدەپ كەتكەندە باشلىرىنى تامغا ئۇرۇپ يېرىۋالاتتى. پۇت-قولىنى باغلاپ قويايلى دېسەك، قايسى ۋاقىتتا كېسىلى تۇتىدىغانلىقىنى بىلەلمەيتتۇق. ئۇ، تىنچلىنىپ قالغاندا كىرىپ يارىلىرىنى تېڭىپ قوياتتىم. شۇنداق چاغدا ئۇ خۇش بولۇپ پۇتۇمنى سۆيۈپ قوياتتى. بىز ئۇنى «سارى خېنىم» دەپ چاقىراتتۇق. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

- سارى خېنىم، نېمىشقا پۇتۇمنى سۆيىسىز، بۇ نەنىڭ قائىدىسى؟- دەپ سورىسام، ئۇ:

- مەڭزىڭىزگە سۆيدۇمغۇ، توۋا، شۇنىمۇ

بىلمەمسىز؟ - دېدى.

كېيىن ئېنىقلىساق، ئۇ خوتۇننىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە بېشى تۆۋەن، ئايىغى يۇقىرى كۆرۈنىدىكەن.

- توۋا، بۇ نېمىگەپ ئەمدى؟ - دېدىممەن.

- كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئۇجمىنىڭ شېخىغا پۇتىڭىزنى ئىلىۋېلىپ، بېشىڭىزنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قاراپ باقمىغانمۇ؟ - دېدى دوختۇر، - ئاسمان ئايىغىڭىزدا، ئۆيلەر، كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەر باش تەرىپىڭىزدە، تازىمۇ قىزىق كۆرۈنىدۇ-ھە! سارى خېنىمنىڭ توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈشىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن. . .

«مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ئۆلگەن ئادەم تىرىك كۆرۈنىۋاتامدۇ، قانداق؟» دەپ دوختۇرغا تازا زەڭ سېلىپ قارىدىم. ئۇنىڭدا ئەرۋاھلاردا بولىدىغان ھېچقانداق بەلگىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. دوختۇر پەرۋاسىز سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

- سارى خېنىم بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىغان جانانخان دەيدىغان يەنە بىر چوكان بار ئىدى. مەڭزىگە قىپقىزىل بوياقلارنى سۈركەپ، چىكىسىگە گۈللەرنى قىسىپ، توختىماي ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىنى شۇ كۈنگىچە ھېچقانداق بىر مۇزىكانتمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندۇ، دەيمەن. ناخشىسىنىڭ سۆزلىرىچۇ؟ سۆزلىرىنى شۇنچە باش قاتۇرۇپ بىر يەرگە جەم قىلسىڭىزمۇ بىر مەنا چىقىرالمايسىز.

يارىم سېنى ئامرىقىم،
چۇشمۇ كۆرمەي نەگىدۇر.
تۇتۇلمىغان قازانغا
تاتلىق قىلغان تەمدۇر. . .

دېگەندەك بىرگەپلەر. ھېچگەپ تاپالمىغاندا: «ناڭنىناڭناڭ، ناڭنىناڭ. . .» دەپ كېتىۋېرىدۇ. . .

ماۋۇ قىزىق ئىشنى كۆرمەمسىز، بىر كۈنى دوختۇرخانىغا قاسىم دېگەن ساقاللىق بىر بوۋاينى باغلاپ ئەكىلىپ بېرىشتى. ئۇقساق، ئۇ ئادەم يېقىندىن بېرى بىردىنلا ئالجىپ، بىكار تۇرماي تۆت ئەتراپىغا تاش ئېتىپ، قوشنا-قولۇملىرىنىڭ ھېچ ئارامىنى قويمىغانىكەن. ئىشىنەمسىز؟ ھېلىقى بوۋاي دوختۇرخانىغا كېلىپلا جانانخاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ شۈكلەپ قالدى.

- بۇ نېمە كارامەتتۇ؟

- مەنمۇ بىلمىدىم. قاسىم بوۋاينى ھېلىقى ئېگىز تاملىق قورۇنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ باغلاقتىن يەشتۇق. ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەر: «دوختۇر، ئاۋايلاڭ-ھە، ئاۋايلاڭ، سىزنى زەخمىلەندۈرۈپ قويمىسۇن!» دېيىشىپ كەتتى. نەدىكىنى. شۇ چاغدا جانانخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تازا ۋاڭشىتىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، بوۋاي باغلاقتىن بوشىنىپ، ناخشىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ كەتتى-دە، بىردىنلا ئىككى بېسىپ جانانخاننىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر چەتتە ئېڭىكىنى تۇتۇپ موككىدە ئولتۇردى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھەر ئەتىگىنى كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ قوپىدۇ-دە، جانانخاننىڭ يېنىغا يۈگرەيدۇ. ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشىغىنى تىڭشىغان. جانانخاننىڭ ناخشىسىدىكى سېھرىي كۈچنى بەلكىم بۇ دۇنيادا ئاشۇ قاسىم بوۋايدەك چوڭقۇر چۈشەنگەن ئادەم يوقتۇ؟!

. . . مانا، مۇشۇلارنى يازسىڭىز بولامدۇ؟ - دەپ كۆزۈمگە قارىدى دوختۇر.

- بۇ ۋەقەلەرنى مەن «ئوت كەتكەن دەريا» دېگەن ئەسىرىمگە كىرگۈزسەم بولغىدەك.

«ئوت كەتكەن دەريا» دېگەن قانداق ئەسەر ئۇ؟ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. كۆزۈم دوختۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارچۇقىدا مېنىڭ شولام بىلەن پۈتۈن باغچىنىڭ مەنزىرىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆز قارچۇقىدا ھېچنېمە ئەكس ئەتمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغۇدىم. سەيدۇللا دوختۇر ئۆلۈپ تىرىلىپ قالدىمۇ يە؟!

- يەنە بىرسى بولىدىغان، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ، - دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دوختۇر، - ھېلىقى بايقۇش پىرقىراپلا يۈرەتتى. بەزىدە ئىككى قولىنى كېرىۋېلىپ شۇنداق ئۇزاق پىرقىرايتتىكى، قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭمۇ بېشى قېيىپ كېتەتتى. كېيىن ئېنىقلىساق، بۇبىچارىنىڭ شۇنداق پات-پات پىرقىراپ تۇرمىسا، بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدىكەن. . . خالمۇھەممەت دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىشىغا ھەيران قالىسىز. ئەسلىدە ئۇ ئۇستا بوغالتىر ئىكەن. ئادەتتىكى ۋاقىتتا قارىسىڭىز ساپساقلا. بەزى بىر دوختۇرخانىنىڭ يىللىق كىرىم-چىقىم ھېساباتىنىمۇ ئۇنىڭغا ئىشلىتەتتۇق. قىلغان ئىشىدىن قىلچە ئۇۋەن تاپالمايسىز. بۇ كاساپەت شاھماتقىمۇ شۇنداق ئۇستا ئىدى. خېلى-خېلى يەرلەردىن شاھماتچىلار كېلىپ ئويناپ، ھېچقايسىسى ئۇتالماي بېشىنى تاتىلاپ كېتىشكەنتى.

- ئۇنىڭ نېمە كېسىلى بار ئىدى؟ - دەپ سورىدىممەن ھەيران بولۇپ.

- بىكار بولۇپ قالسىلا تامغا قاراپ شۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىشقا باشلايتتىكى، ھەيران قالىسىز. ئۇ بىر دورىنى خاتا ئىچىپ قويۇپ شۇنداق بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ دورا دەپ زادى قانداق نېمىنى ئىچىۋالغىنىنى ئېنىقلىيالمىدۇق. بەزىدە ئۇ تامغا قاراپ تازا قىزىشىپ سۆزلەۋاتقاندا، ئاستا ئارقىسىغا كېلىپ، «بۇ ئاغىنە تامدا نېمىنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟» دەپ سىنچىلاپ قارايتتىم. قارىسىڭىز شۇ دوختۇرخانىنىڭ تۇتاش كەتكەن قوپال پىششىق كېسەكلىك تېمى. ئەمما بۇنىڭغا ھەيران قالمىغۇلۇق. سىز بىلەن بىز تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرىدىغان كىنو ئېكرانىمۇ ئەسلىدە ھېچنېمە يوق بىر پارچە ئاق لاتىغۇ؟!

- ئۇ نېمىلەرنى سۆزلەيتتى؟

- ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، تۇغۇلماستىن

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ سۈرگەن خىياللىرى، بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئانىسىنىڭ قورسىقىنى ئاچچىق بىلەن تەپكەنلىرى، دۇنياغا كۆز ئېچىپلا بۇ دۇنيانىڭ ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ قىرقىراپ يىغلىغىنى . . . ھېسابىنى توغرا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئۈچ ئىدارىدىن قوغلانغانلىقى . . . دېگەندەك ھەممە گەپلەر بار. نىياز دېگەن بىرسىنىڭ قىلىقلىرىنى دېمەمسىز، بىز ئۇنى : «نىياز تەتۈر» دەيتتۇق. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ زادىلا ئالدىغا قاراپ ماڭماي، كەينىچىلەپ تەتۈر ماڭاتتى. قاراپ تۇرسىڭىز، بېشىنى سەل يېنىغا قىيپاش قىلىۋېلىپ ئارقىچىلاپ شۇنداق ئىتتىك ماڭىدۇكى، ياللا، بۇ ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىنمۇ بېشىچە چۈشمەي، تەتۈر چىققانمىكىن، دەپ قالىسىز. مىڭدىن بىرگىچە بولغان سانلارنى تەتۈرسىگە شۇنداق ئىتتىك سانىغىلى تۇرسا، ئەقلىڭىز يەتمەيلا قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولىغا بىر كىتابنى تۇتقۇزۇپ قويسىڭىزمۇ ئارقا بەتتىن ئېچىپ ئوقۇمدىكىن، دەيمەن. مەن ئۈچ يىل ھەپىلىشىپ ئۇنى ئالدىغا قاراپ ماڭىدىغان قىلالمىدىم. . . «ناسىر مەينەت» دەپ يەنە بىرسى بارئىدى. قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېلىشىپ، قۇسقىڭىز كېلىدۇ. نېمە قىلىدۇ، دېمەمسىز؟ قولىغا ئۇزۇن بىر تاياقنى تۇتىۋېلىپ، كىم چىچسا بېرىپ شۇنىڭ پوقىنى مالتىلايدۇ. ئەسلىدە ئۇ چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاپ چىقىپ، قايتىشىدا بىر قىممەتلىك بويۇمنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي كاپ ئېتىۋالغان چېغى. كېيىن يەنە نېمە بالا بولدى، ھېلىقى نەرسە ئۇنىڭ تەرىتىدىن زادىلا چىقماپتۇ. بىچارە شۇندىن باشلاپ پوق مالتىلايدىغان كېسەلگە قالغانىكەن. . . ئىشقىلىپ ئۇ يەردە ھەر كۈنى، ئۇخلىسىڭىز چۈشىڭىزگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. . . سىز يازمەن دېسىڭىز، مانا ساتتار گېنېرالنى يېزىڭ.

- ئۇ قانداق گېنېرال؟- دەپ سورىدىمەن .

ئەمدى مەن بارغانسىرى قورقۇنچمىنى ئۇنتۇپ، دوختۇرنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتىم.

- قانداق گېنېراللىقىنى مەنمۇ نەدىن بىلەي،- دېدى دوختۇر،- گېنېراللارنىڭ سارىڭىمۇ، ساراڭلارنىڭ گېنېرالىمۇ، ئىشقىلىپ، باشتىن - ئاياغ سېرىق كېيىم كىيىپ، ئايغىنىڭ سېسىق پېتىكىنى ئىككى مۈرىسىگە پاگون قىلىپ قويىۋالىدىغان، غەلىتە بىر ئادەم. مەيدىسىگە ھەرخىل ئىزناك، رەڭلىك تۈگمە، قايسى زامانلاردىندۇر قالغان مىس يارماقلارنى مېدال قىلىپ قاتار ئېسىۋالىدۇ. تېخى قەدىمكى زاماننىڭ گېنېراللىرىدەك قەيەرلەردىندۇر تېپىۋالغان تۆمۈر زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى مەيدە يانچۇقىغا، بىر ئۇچىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىگە تاقاپ ساڭگىلىتىۋالىدۇ. سىز ئۇنى قانداق ئادەم دەپ تونۇسىڭىز تونۇۋېرىڭ، ئۇ ئۆزىنى خىيالىدا يېڭىلمەس

بىر گېنېرال دەپ ھېسابلايدۇ. تاماق يېگەندىمۇ باشقىلارغا قېتىلماي، قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئايرىم بىر يەرگە ئاپىرىپ يەيدۇ. ھويلىدا ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئالدىراش يۈگرەپ يۈرۈپ، خىيالىدا كىملەرنىدۇر سەپكە تىزىدۇ، كىملەرگىدۇر ۋارقىراپ كوماندا بېرىدۇ. «ئۇررا! » دەپ نەلەرگىدۇر ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىڭىزغا كېلىپ، ئىككى پۇتىنى تاققىدە جۈپلەپ تۇرۇپ چاس بېرىدىغان بولسا، كۈلۈۋېتىش خىيالىڭىزغىمۇ كەلمەي، سەل جىددىيلىشىپ ئەتراپىڭىزغا قاراپ قالىسىز. لېكىن ئادەتتە ئۇ ھېچكىمگە چاس بەرمەيدۇ. ئۇ دېگەن گېنېرال-دە! . . . قاچانلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ شۇنداق جىددىي، ئالدىراشلا يۈرگىنىنى كۆرۈسىز. يول ماڭغاندىمۇ ھېچكىمگە كۆز قىرىنى سالماي، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، گېنېراللاردەك گۇرسۇلدەپ دەسسەپ ماڭىدۇ. ناخشىچى جانانىخان، پىر قىرايدىغان، كەينىچە ماڭىدىغان، پوق مالتىلايدىغان، شاھمات ئوينايدىغان دېگەنلەرگە نەزەرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

- سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟- دەپ سورىدىمەن.

- مېنى ئۇ چوڭ كۆرەتتى.

- نېمىشقا؟

- نېمىشقا دېسىڭىز، مەن ئۇنى پات-پات داۋالاپ تۇرىمەن. بەزىدە ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ كاسىسىغا ئوكۇل سالىمەن. گېنېرالنىڭ ئىشتىنىنى سالغۇزالىغان ئادەمنىڭ دەرىجىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇشى كېرەكتە! . . . ئۇ مېنى «مارشال» دەپ تونۇيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بەزىدە كېسەللەر تۇرىدىغان ھويلىغا پەيلى يامانراق كېسەللەرنىڭ ئاغرىقىنى كۆرۈشكە كىرگەندە، مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر-ئىككى ئادەمنىمۇ بىللە ئەگەشتۈرۈپ كىرەتتىم. ساتتار گېنېرال يېنىمدىكىلەرنى مارشالنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، دەپ بىلەتتى. ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە بىرمۇ مۇھاپىزەتچىسىنىڭ يوقلىقىغا ئۆكۈنۈپ، ماڭا ھەۋىسى كېلىپ قاراپ كېتەتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭدىن:

- خوش ، ساتتار گېنېرال، ئەھۋال قانداق؟- دەپ سوراپ قوياتتىم.

مۇنداق چاغدا ساتتار گېنېرال ئىككى پۇتىنى تاققىدە جۈپلەپ، قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ چاس بېرىپ:

- سالام، جانابىي مارشال، ساتتار گېنېرال سىزگە دوكلات قىلىدۇ. كېچىكى جەڭدە دۈشمەننىڭ سول قانات لېنىيىسى يىمىرىپ تاشلاندى. بىزدىن 50 ئايروپىلان، 100 تانكا، مىڭغا يېقىن ئەسكەر چىقىم بولدى. دۈشمەن تارتقان تالاپەتنى بۇنىڭدىن 10 ھەسسە ئېغىر ، دەپ ھېسابلاۋېرىڭ. دوكلات تامام. گېنېرالىڭىزغا داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلارسىز، ۋەھاكازالارنى دەيتتى-دە، شارتتىدە

ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يەنە جەڭ مەيدانىغا قاراپ مېڭىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا سىز بۇ گېنېرالنىڭ بېلىدىكى شويىنغا تاپانچا قىلىپ ئېسىۋالغان قويىنىڭ ئېگەك سۆڭىكى، يانپېشىغا باغلىۋالغان ياغاچ قىلىچىغا قاراپ كۈلۈۋەتسىڭىز، قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسىز. سىزمۇ جىددىي ھالدا پۈتلىرىڭىزنى جۈپلەپ چاس بېرىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قېلىشىڭىز كېرەك.

ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم شۇنداق سۆزمەن بولۇپ قالامدۇ، بىلمىدىم، دوختۇرنىڭ ھېكايىسى بارغانسىرى مېنى جەلپ قىلغىلى تۇردى. ئىختىيارسىز:

— مانا بۇ ئاجايىپ بىر ئوبرازكەن! — دەۋەتتىمەن.

دوختۇر بۇ گەپىمدىن روھلاندى بولغاي، ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھە، بۇ گېنېرال سىزنى خېلى قىزىقتۇردىمۇ، نېمە؟ قىزىق ئىشنى ئەمدى ئاڭلايسىز. . . ساتتار گېنېرال ئاشۇ تەرىقىدە دوختۇرخانىنىڭ ئىگىز تاملار بىلەن قورشالغان ھويلىسىدا توختىماي جەڭ قىلدى. ئۇرۇش سېپىدە قاتتىق جاپا چەككەچكە كېچىلىرى ئۆزىنى بىلمەي خارقىراپ ئۇخلاپ كېتەتتى. . . ئۇ يەردە يەنە بىر كېسەل بولىدىغان، ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇتتۇۋالغىلى بولىدۇ، دەيسىز؟ ھەممەيلەن ئۇنى «ئالىم» لا دەيتتۇق. ئەسلىدە ئۇ قايسىبىر ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ئىكەن. نېمە بالا بولغان ئەيتاۋۇر، ھۆكۈمەتكە ياقمايدىغان گەپنى قىلىپ قويۇپ، كۈرەشكە تارتىلىپ، تاياق يەپ شۇنداق ئېلىشىپ قالغانىكەن. بۇ ئالىم قاچانلا قارىسىڭىز چاپاننىڭ ئۈستىگە كۆڭلەك، ئۇزۇن بۇرۇلكىنىڭ ئۈستىگە قىسقا تامبال، پۇتىغا يەكپاي ئاياغ كىيىپ يۈرەتتى. بىكار تۇرماي «12» دېگەن رەقەم بىلەنلا ھەپىلىشەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ «12» ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك سان ئىمىش، مەسىلەن، 12 ئاي، 12 مۆچەل، 12 بارماق ئۈچەي. . . دېگەنلەر بۇنىڭغا مىسال ئىمىش. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى شەيتان بىلمىسە، كىم بىلىدۇ، دەيسىز؟ ئاڭلاپ «ھە، ھە» دەپلا بېشىمىزنى لىڭشىتىپ قوياتتۇق. ئۇ، دوختۇرخانىغا كېلىپمۇ 12 تەرەپلىك بىر چوڭ قەپەز ياساپ، ئۇنى 12 خىل بوياقتا بوياپ چىقتى. ئەمدى ئۇ بۇ قەپەزنىڭ ئىچىگە 12 خىل قۇشنى تۇتۇپ سالماقچى بولۇپ، شۇ ھەلەكچىلىكتە يۈرەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كېسەللەرنىڭ ياتىقىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كېلىپ، ساتتار گېنېرال ياتقان ئۆيگە بېشىمنى تىقسام، گېنېرال خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئالىم قولىغا نەدىندۇر تېپىۋالغان بىر ئەينەك پارچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ساتتار گېنېرالنىڭ ئاجايىپ ئوردېنلار قادالغان چاپىنىغا خۇددى لوپا ئەينەكتىن قارىغاندەك سىنچىلاپ قارىغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئالىم، كۆزىڭىزگە نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— پاھ، مۇنۇ يارماقلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، — سىز بىلمەيسىز، بۇ ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بويۇم، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا مۇنداق يارماقتىن پەقەت 12 سىلا ساقلىنىپ قالغان. كېيىن بۇ يارماقلار خەزىنىدىن ئوغرىلىنىپ، پۈتۈن ئوردا تەۋرەپ كەتكەنىدى. بۇ يارماقنىڭ بىرسى بۇ گېنېرالنىڭ چاپىنىغا قانداق قادىلىپ قالىدۇ؟ قالغان 11 دانىسى قېنى؟!

«نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟!» دەپ بېرىپ چاپانغا ئېگىشىپ قارىسام، ئالىم كۆرسەتكەن يارماق چاپاننىڭ سول مەيدىسىدە، بىر مۇنچە ئىزناك، تۈگمە دېگەندەك بالايى-بەتەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاداقلىق تۇرۇپتۇ. سىز بىلەن بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا تەپكۈچ ياساپ ئوينايدىغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، داتلىشىپ كەتكەن ئاددىيلا بىر مىس يارماق. ئالىمنىڭ توقۇپ چىققان گەپلىرىنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئۆزى بىلمىسە، خۇدا ھەققى مەن ھېچنېمە چۈشەنمىدىم. . . شۇ ئارىدا دوختۇرخانىمىزغا يەنە يېڭى بىر كېسەل كېلىپ قالدى. ئۇ شوپۇر ئىكەن. بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسىدە كاپىنكىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ، بېشى بىر تاشقا قاتتىق تېگىپ زەخىملەنگەنىكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ توختىماي يول ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ. . . بۇ شوپۇرنىمۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى ئايرىم قورۇ ئەكىرىپ قويىدۇق. ئۇ خۇددى ئىككى پۇتىغا ماتور بېكىتىۋالغاندەك ھويلىنىڭ ئىچىنى توختىماي ئايلىناتتى. تاماقنىمۇ مېڭىپ يۈرۈپ يەيتتى. ھەتتا ئۇخلايدىغان چېغىدا كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ مېڭىپ يۈرۈپ سېلىپ، ئۆزىنى ئورۇنغا بىر تاشلايتتى-دە، كۈن بويى توختىماي مېڭىپ ھالىدىن كەتكەچكە خارقىراپ ئۇخلاپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ پۇشايمىنى بار دېسەك، مېڭىپ يۈرۈپ ئۇخلىيالمىغىنىغا پۇشايمان قىلامدىكىن، دەيمەن. ئەتىسى كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپلا يەنە سەپىرىنى باشلايتتى. گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايىغى چىقماس ئۇزۇن بىر يول. ئۇنى شۇنچە ئالدىرىتىۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى؛ يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ قەيەردىلىكىنى چۈشىنىپ بولالمايسىز. . . بىر-ئىككى كۈن ئۆتمەيلا بۇ شوپۇر ساتتار گېنېرالنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قىزىقىپ قالسا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، ساتتار گېنېرالنىڭ ھەرىكەتلىرى بىزگە ھەر كۈنى كۆرۈپ يۈرگەچكە، ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنگىنى بىلەن، يېڭى كەلگەن ئادەمگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلاتتى. شوپۇر بۇ گېنېرالغا قاراپ: نېمىشقا بۇ كوماندىرنىڭ بىرمۇ ئەسكىرى يوق، دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ. يۈگرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

www.uyghurkitap.com

- سالام! -ھۆرمەتلىك كوماندىر! - دەپ قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ سالام بېرىپتۇ.

ساتتار گېنېرال قاپىقىنى تۈرۈپ:

- مەن ئادەتتىكى كوماندىر ئەمەس، ساتتار گېنېرال بولىمەن، بىلىپ قوي! - دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپتۇ.

ھەي، بۇ خەقنىڭ قىلىقلىرىغا نېمە دەيسىز.

شوپۇر يەنە تىك تۇرۇپ:

- سالام، ھۆرمەتلىك گېنېرال، مەن يېڭى كەلگەن پالانچى بولىمەن. مۇمكىن بولسا قوشۇنىڭىزغا قوبۇل قىلسىڭىز، - دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

- مۇمكىن! - دەپ ۋارقىراپتۇ ساتتار گېنېرال.

شۇكۇندىن باشلاپ، ساتتار گېنېرالنىڭ كوماندا بەرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىدا شوپۇر پەيدا بولىدىغان بولدى. «ئوڭغا، سولغا، ئارتقا بۇرۇل!» دېگەن كوماندىلارغا دۈپۈرلەپ دەسسەپ، ئىككىسى ھويلىنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ قىزىتقىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ باشقا كېسەللەر ھەيران قېلىشتى. ئۇلار شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ساتتار گېنېرالنى ئەسكەر قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشقان بولسا كېرەك. شوپۇرنىڭ كەينىدىلا ئۇنىڭ قىسمىغا جەڭچى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قېلىشتى. ئالدى بىلەن ھېلىقى ناسىر مەينەت پوق مالتىلايدىغان تايىقىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، شوپۇرنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ تىزىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىرقىرايدىغان، ئارقىچە ماڭىدىغان، ھېجىيىپلا تۇرىدىغان ئاغىنىلەر بىر-بىرلەپ كېلىپ سەپكە قېتىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ھېلىقى ناخشىچى جانانىخان، ئۇنىڭ ناخشىسىنى زېرىكمەي تىڭشايدىغان قاسىم بوۋاي، ئىشقىلىپ ماڭىدىغان مادارى بارلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تىزىلىپ، ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بولدى. بۇنى كۆرۈپ ساتتار گېنېرالنىڭ روھى ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ، ئەسكەرلىرىنى بويىغا قاراپ، ئېگىزلىرىنى ئىككى باشقا، پاكارلىرىنى ئوتتۇرىغا تىزدى. تەرتىپنى ھەردائىم ھېلىقى ئارقىچە ماڭىدىغان ئاغىنە بۇزاتتى. ساتتار گېنېرال ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپ سەپتىن چىقىرىۋەتسە، ئۇ يەنە كەينىچە مېڭىپ كېلىپ سەپكە قېتىلىۋالاتتى. ھېلىقى پىرقىرايدىغان ئاغىنە موللاقچى كەپتەرلەر ئۇچۇپ كىتىۋېتىپ ئۈز توپىدىن ئايرىلىپ بىر-ئىككى موللاق ئېتىۋەتكەندەك، پات-پات سەپتىن چىقىپ بىر قەپەس قاتتىق پىرقىرىۋېتىپ، يەنە سەپكە يېتىشىپ تىزىلىۋالاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى شۇنداق تىزىلىپ، گۈلدۈرلەپ دەسسەپ، ساتتار گېنېرالنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تېخى بەزىدە جانانىخاننىڭ «ناڭنىناڭناڭ، ناڭنىناڭ» دېگەن ناخشىسىغا قوشۇلۇپ ۋارقىراپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچىنى چاڭ چىقىرىۋېتىدىغان بولدى.

- شۇنداق قىلىپ، نەق ساراڭلاردىن ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن تەشكىللەندى، دەڭ؟

- ۋاي گەپ قىلماڭ. روھىي كېسەللەر تۇرىدىغان ھويلىنىڭ رىشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازىسىنى مەھكەم قۇلۇپلاپ قويۇپ، رىشاتكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ساتتار گېنېرالنىڭ قوشۇنىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ «تۇۋا!» دەپ ياقىمىزنى تۇتاتتۇق. ساراڭ دېگەننىڭ قىلىقلىرىغا چەك قويۇپ بولغىلى بولامدۇ دەيسىز؟ بىر-بىرىنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۇرۇپ، ئىش تېرىپ بەرمىسىلا بىز شۇنىڭغا خوش. بىر ھېسابتا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساتتار گېنېرالنىڭ بىر ئەپلىك باشقۇرۇپ يۈرگىنىگە قاراپ خاتىرجەم بولۇپمۇ قالدۇق. بىر يەكشەنبە كۈنى، بىزنى نېمە غەپلەت باستىكىن دېمەمسىز، نۆۋەتچى خادىملار كېسەللەرنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى بېرىپتۇ-دە، دەرۋازىنى قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇپ كېتىپ قاپتۇ. ساتتار گېنېرالنىڭ يەكشەنبە-پەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى دېگەنلەر بىلەن نېمە كارى. تاماقتىن كېيىن، قورسىقى تويغان ئەسكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ دوختۇرخانىدىن توسالغۇسىزلا كوچىغا چىقىپ كېتىپ قالسا بولىدۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ ئۇردىن، تاپانچا، قىلىچلارنى ئاسقان ساتتار گېنېرال، ئۇنىڭ ئارقىسىدا پىرقىرايدىغان، ئارقىچە ماڭىدىغان بىر-بىرىدىن غەلىتە ئادەملەر. بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇششاق باللار ئولىشۇپ، چۇۋۇلداشقىنىچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. تېخى بەزى مەست گالداڭ-گۇلدۇڭ ئاغىنىلەر ساتتار گېنېرالنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قوشۇلۇپ، خۇددى ئۇلارغا بايرام بولىۋاتقاندەك خۇشال كېتىۋاتقىدەك. ساتتار گېنېرال قوشۇنىنى باشلاپ ماڭغانچە مېڭىپ نەق قايناق بازارنىڭ ئىچىگە يېتىپ كېلىپ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، ئېلىپ-ساتارلار نېمە ۋەقە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم باشلاپتۇكى، ئايھاي، بۇ تاماشانى كۆرۈڭ! مېۋە-چېۋىلەر يەرگە تۆكۈلۈپ، دوپپا-ئاياغ دېگەنلىرىنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ، داس-چېلەكلەر داراڭلاپ چۈشۈپ، قىيامەتنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ. . . بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە تازا چۈشلۈك ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋاتاتتىم. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، جاھان تىپتىنچ. بايا مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن. «خۇدايا شۈكۈر!» دېدىم.

- باياتىن بېرى سۆزلەۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى چۈشىڭىزمىكەن؟ - دەپ ھەيران بولدۇممەن.

- شۇنداق، چۈشۈمكەن، - دېدى دوختۇر، - نېمانداق ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان ئىشلار چۈشۈمگە كىرىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

. .

دوختۇر سۆزدىن توختاپ، گەدىنىدە مېڭىپ يۈرگەن چۈمۈلىمۇ بىرنەرسىنى ئۇرۇپ چۈشۈردى-دە،

قول ياغلىقىنى ئېلىپ قولىنى سۈرتتى. دوختۇرنىڭ سۆزلىگەنلىرى راست بولغان ئىشلارمۇ ياكى بىر خىيالىي چۈشمۇ؟ دوختۇرنىڭ ئۆزى زادى ئۆلۈكمۇ-تىرىكمۇ؟ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

– ھېلىقى... نېمە دېمەكچى ئىدىم؟... ھە، ھېلىقى ساتتار گېنېرال ھازىر ھاياتمۇ؟– دەپ سورىدىم.

– ھەي، بۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بوپقالدى، – دېدى دوختۇر، – مانا، ئالدىنقى كۈنى ئۇ دۇنياغا بېرىپلا شۇ ئاغىنە بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام بولىدۇ. قارىسام، ناھايىتى غەمكىن. بىزنىڭ دوختۇرخانىدىكى چاغلىرىدا بىر قوشۇننى باشلاپ جەڭ قىلىپ يۈرگەن شۆھرەتلىك چاغلىرىنى ھېلىمۇ ئەسلەيدىكەن. مەن بۇ ياققا چىقىدىغان چاغدا:

– قانداق، گېنېرال، تىرىك جانلارغا گەپ -سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟– دەپ سورىسام:

– ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بېشىمغا ئۇنچىۋالا جىق تاش – كېسەكنى ئەكىلىپ دۆۋىلەپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، دېمىمنى سىقىپ... -دېدى.

چىقىپ قارىسام، راست دېگەندەك ساتتار گېنېرالنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىدە كاتتا بىر گۈمبەز بار ئىكەن. ئىزدەپ سوراپ ساتتار گېنېرالنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىنى تاپتىم. چەت ئەل پاسونىدا قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان تازىمۇ ھەيۋەتلىك ئۆي ئىكەن. مەن بېرىپ تۇرۇشۇمغا ئۆينىڭ ئالدىغا بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى. قارىسام، پىكاپتىن ساتتار گېنېرالنىڭ ئوغلى چۈشىۋاتىدۇ. كۆرۈپلا تونۇدۇم. ئۆزۋاقتىدا دوختۇرخانىغا پات-پات دادىسىنى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. بىچارىلەر تازىمۇ كەمبەغەل ئىدى. ھازىر ئۈستىدە شۇنداق پوزۇر كىيىملەر. ئۇمۇ مېنى تونۇدى.

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دوختۇر سەيدۇللا ئاكىغۇ، دەيمەن؟– دېدى.

مەنمۇ كۆرۈشۈپ تونۇشلۇق بەردىم.

– پاھ، بىر ئامەت كېلىپ تازىمۇ بېيىپ كەتتىڭمۇ نېمە؟– دەپ سورىدىم .

– دادامنىڭ ھېلىقى چاپىنىنى بىلىسىزغۇ؟– دېدى.

– قايسى چاپىنىنى دەيسەن؟– دېسەم:

– ھېلىقى مورىسىگە پاگونلارنى قادىۋالىدىغان ئەسكى چاپانچۇ؟... شۇ چاپاننى سېتىپ بېيىپ كەتتىم، – دەيدۇ.

ھەيرانلا قالدىم.

– ھوي... شۇ ئەسكى چاپان شۇنچە پۇلغا يارامدىكەن؟– دەپ سورىدىم.

سورىسام ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز:

– چاپانغا قاداقلىق ئىزناك، تۈگمە، مىس يارماق دېگەنلەردىن خەۋىرىڭىز بار؟... بىر كۈنى بىر-ئىككى ئادەم ئۆيگە دادامنىڭ شۇ چاپىنىنى سورۇشتۇرۇپ كېلىپ قالدى. «نېمە قىلماقچى سىلەر؟» دېسەم: «شۇ چاپان بولسا سېتىۋالايلى دېگەن» دېيىشتى. ئۇلار چاپاننى ئالامدۇ ياكى ئۇنىڭغا قاداپ قويغان نېمىلەرنىمۇ، مەن نەدىن بىلەي، كۆتۈرۈپلا چىقىپ كۆرسەتتىم. ئۇنىڭغا قاداقلىق جاڭگىر-جۇڭگۇرلارنى كۆرۈپ ھېلىقىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشىپ: «قانچىگە ساتىسەن؟» دېدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ گەپنىڭ يوغىنىنى قىلاي دەپ: «بۇ، رەھمەتلىك دادامدىن قالغان تەۋەررۈك چاپان، ئالساڭلار 100مىڭ سومنى نەق ساناڭلار، بولمىسا ساتمايمەن» دېدىم. ھېلىقىلار چاپاننى ئۇياققا ئۆرۈپ-بۇياققا ئۆرۈپ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ 50مىڭ سومنى تاشلاپ بېرىپ، چاپاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇپ پۇلنى تۇتقانچە قاراپلا قاپتىمەن. «بۇ بىرنېمىلەر ئەتىلا كېلىپ پۇلۇمنى ئەكەل» دېمىسۇن، دەپ ھېلىقى پۇلنى بىريىل ساقلاپتىمەن. قارىسام ئۇلار كېلىدىغاندەك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ ئىزىنى يىتتۈرۈپ قويماي دەپ قورقۇپ، ئۇنى سودىغا سېلىپ ئۇ ياققا دومىلاتتىم، بۇياققا دومىلاتتىم. خۇدا بەردى دېگەن شۇمۇ، بىر-ئىككى يىلدىلا لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتىم. ھېلىقى بىرنېمىلەر ئەمدى چاپاننى قايتۇرۇپ كەلسە، ئۆزۈممۇ 100مىڭنى نەقلا ساناپ سېتىۋالىمەن، -دېدى.

ساتتار گېنېرالنىڭ ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھېلىقى بىر چاغدا دوختۇرخانىمىزدىكى «12»نى تەتقىق قىلىدىغان ئالىمنىڭ 12يارماق توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئويلاپ قالدىم.

– ئوغلۇم، ساڭا خۇدايىم غايىبتىن بېرىپتۇ. خەير!– دەپ خوشلىشىپ قايتتىم. ئۇنىڭغا: «داداڭنىڭ دېمى سىقىلىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ بېشىغا چوقچايتىپ قويغان گۈمبەزلىرىڭنى چۇۋۇپ تاشلا» دېگىلى بولامدۇ، دەيسىز؟... ھوي، كۆنىمۇ خېلى ۋاق بولۇپ قاپتىغۇ؟... تولا ۋالاقلىۋېرىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ، قانداق؟...

دوختۇر گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھاسا تايىقىنى ئالدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ماڭا تازا قاراپ كېتىپ:

– راست، يەتتە نەزىرىمنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغانسىز؟... بارماي قالماڭ – ھە!– دېدى.

نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. دوختۇر مەندىن يىراقلاپ غۇۋالىشىپ يوقاپ كەتكەنىدى. پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. ھېلىلا دوختۇر ئولتۇرۇپ قوپۇپ كەتكەن ئورۇننى سىلىسام مۇزدەك بولۇپ، ئۇ يەردە بىركىم ئولتۇرغاندەكمۇ قىلمايتتى.

..

1999-يىل، مارت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى(M1)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قاتىلمۇسەن، غاپىلمۇ

مۇھەممەتجان راشىدىن

. . . قاتىلنىڭ گېپىدىن قايمۇققان كىمدۇر بىرى تۇردى سامساقنىڭ قورسىقىغا ئىككى تېپىك تېپىۋەتتى .
ـ «پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق ئۆلۈمىنىڭ باش-ئاخىرى»دېگەن ماقالىدىن

سەككىز دەپمەن سانىماي ،قارا دەپمەن قارىماي ،
شۇم قولىغا يەنە بىر پىچاق بوپمەن قاتىلنىڭ .
جىق «تەلەيلىك»ئىكەنسەن ،تارتىلماستىن سوراققا
يەنە نامىڭ يېزىلدى جۈملىسىگە «غاپىل»نىڭ .
غايىب بولدۇڭ ئادەملەر دېگىنىڭغا شۇ ھامان ،
سەندەكلەردەك سېنىمۇ يەنە«خۇدا ساقلىدى» .
ئىز قوغلىغان ھېچكىم يوق ئەسلا سېنىڭ كەينىڭدىن ،
«قايمۇققان !»دەپ كىملەردۇر ،چۈنكى سېنى ئاقلىدى .
ـ «سولچىل»لىقتىن تۇغۇلغان ئۇ ھېلىقى شۇمغۇ ؟-دەپ
بىراق ،سېنى ئادەملەر تونۇۋالدى قاچساڭمۇ .
ـ قاچانغىچە ئاقلايمىز «قايمۇققان»دەپ قاتىلنى ،-
دېيىشمەكتە بىلىپ قوي ،نەدە مۆكۈپ ياتساڭمۇ .
ئاستانىمىز :خەۋپ دەپ ئاسارىتى شۇ «سول»نىڭ ،
بىزگە سىگنال بەرگىلى نە چاغ بۇيۇك مۇنبەردە ؟
چۈشەنمەيمىز نېمىشقا شۇ جاكارنى بۇگۈنمۇ ،
يول قويىمىز شۇلارغا قاچانغىچە ھەر يەردە ؟
راست ئېيتىدۇ شۇلار ،دەپ تەستىق ئۇردى يۈرىكىم ،
بالىلىقتا ئەمەسقۇ ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىز .
ئاق-قارىنى ئايرىماي كۆرۈنگەنگە ئوق ئېتىپ ،
ئۆيلىمايمىز نېمىشقا كۆپەيگەننى قەبرىمىز ؟ !

ئادەت قىلدۇق «ھە-ھۇ !»نى شاياتۇنلار كەينىدىن ،
قولىمىزدا تىغ-كالتەك يۈگرىمەكنى شاپاشلاپ .
سۇ كىرمىدى زەررىچە بۇرنىمىزغا ،ۋاي ئېسىت ،
ئويلىمىدۇق :قانچە رەت ئالدۇق كىمنى ھاپاشلاپ ؟
نېمە دەيمىز دەھشەتنى «دۇپىگەي»① دە يۈز بەرگەن ،
بىگۇناھنى تومەنلەپ سوراقلارغا تارتتۇققۇ !
كۆمۈۋېتىپ قىيناقتا ئازاب بىلەن ئۆلگەننى ،
«قايمۇققان»دەپ قاتىلغا چىرايلىق تون ياپتۇققۇ !
ئۇماش بەرسە ئېسىل دەپ ماختاپ تۇرۇپ. سۇمەردۇق
ئەلا ،دېسە ئىشەندۇق ئاق ناندىنمۇ زاغرىنى .
چېقىۋەتتى ئەڭ ئاۋال ساڭا ئوخشاش تەلۋىلەر ،
ھېيت-بايرامدا بىر باشلىق يامان دېسە ناغرىنى .
ئىشەنگەنلەر سەن كەبى قوينى بۆرە دېگەنگە ،
بۆك ئال دېسە باش ئېلىپ كەلمىدىمۇ ئۇزاقتىن .
گۇناھسىزغا گۆر قازماق ئايلاندىغۇ ئادەتكە ،
پەرقى قالماي ھاياتنىڭ بەزى چاغدا دوزاختىن .
تايغان بىزدىن مىڭ ياخشى ،ئىت بولسىمۇ ئەقلىدە ،
ئال !دېسەڭمۇ ئالمايدۇ تۇلكە تۇرسا قوزىنى .
يامان دېسە ،يات كۆرۈپ تۇغقاندىنمۇ ۋاز كەچتۇق ،
ئۆرۈۋەتتۇق ئۆمۈرلۈك تائام يىگەن جوزىنى .

---

① «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى «كۆرەش قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى

ئايرىمايمىز نېمىشقا مارجان بىلەن ئازغاننى ،
كەم يارالغان ئىنسانمۇ يارىلىشتا ياكى بىز ؟
ھاڭلا ،دېسە باغلىدۇق ،دوستىمىزمۇ قالمىدى ،
ئىلىپ كەلدۇق بۇ ئىشنى شۇ كۈنگىچە تاكى بىز .
بىرلىرىمىز تەق دائىم شامال-چىقسا ئۈچقىلى ،
لازىم ئەمەس ئىچىتقۇ ،ئاپتاپتىمۇ ئىچىيمىز .
يالماپ يانغان يانغىنىدەك يەريۈزىنى ،ئاسماننى ،
بىر بولساقمۇ ئۇ كۈنى ،مىليونلارغا تېتىيمىز .
بولدى جىسمى-ۋۇجۇدى تالايلارنىڭ جاراھەت ،
كوچىلاشقا ئۇستا بىز چاشقان چىقماس تۆشۈكنى .
تۇتۇپ بەردۇق بىرىمىز قاپقان بولۇپ بەئەينى ،
«قايمۇققان»دا كىمگىدۇ ،چاشقان ئەمەس مۈشۈكنى .
ئوت ئالمىز «گۈپ»قىلىپ بىرلىرىمىز پۈرۈختەك ،
تاشلىۋېتىۋق ئويلاشنى كۆك ئاسماننىڭ قەرىگە .
بىر چاققاننى مىڭ چېقىپ (گۇناھىنى سوراش يوق ) ،
بىرلىرىمىز ئايلاندۇق «ھە !»دەپ قويسا ھەرىگە .
سەۋەنلەرنىڭ چېكىمۇ كۆپ بولغاندا ئۈچ مەرتەم ،
ئەمما بىزدە نىچۈندۇ ،ھەسسىلەندى بۇ سانمۇ . .
ھەر بىر قويۇن چىققاندا سەندەكلەرنىڭ دەستىدىن
يىقىلىۋەرگەن دەرەخكە چىداۋېرىش ئاسانمۇ ؟ !
تۇتقىنىمىز شۇلارغا بىر مىنۇتلۇق ماتەمدۇر ،
تالاشمىدۇق «مەڭگۈ»نى ،چۈنكى بىزلەر سەبىرلىك .
ئۆلگەنلەرگە ئابىدە ئورناتقانلار ئاز تېخى ،
«قايمۇققانلار»ۋە لېكىن يەنە دائىم قەدىرلىك .
مىراسخورى شۇلارنىڭ بۈگۈن يەنە سەن بولدۇڭ ،
- تۈگىمەپتۇ !- دېدى ئەل ،- بىزدە تېخى تەنتەكلەر .
قاتتىق كۈنلەر ئەسلەندى بۈگۈن يەنە سەن بىلەن ،
تىرىلگەندەك كەينىڭدىن بولدى قايتا سەندەكلەر .
ئۇردىن ئالغان باتۇردىن «شەرەپ»لىرىڭ سەللا كەم ،
تۇمار بولدى «قايمۇقۇش»-ساڭا خەتەر يولاتماس .
ھەر بىر دولقۇن كەلگەندە لەشكەر بولدۇڭ قىلىچلىق ،
غۇلىغانلار كۆپ ،لېكىن سېنى ھېچكىم غۇلاتماس .
دولقۇن بولسا ھەر قېتىم دۆلەت قۇشى بېشىڭدا ،
ئاۋازىڭنى ئالەمدە ئاڭلىمىغان ھېچكىم يوق .
تالاي بوران بۇ ئەلنى تالاپ ئۆتتى ،شۇندىمۇ-
ئۆز خەلقىغە ئاتىمدى سەندىن باشقا ھېچكىم ئوق .
تەلۋە ،دېسەك تەل سەندە ئۇنىڭ جىمى شەرتىمۇ ،
تەنتەكلىكنىڭ تەنتەنە قىلىپ كەلدى ھەر قېتىم .
گالۋاڭلىقنىڭ بوپ كەلدى ياۋۇزلۇققا ھامىلدار ،
ئازابىڭدىن ئادالەت بولۇپ قالدى بىر يېتىم .
ئىسسىغىچە باشقىلار قايناپ تاشتىڭ قازاندىن ،
تەسىر قىلار شۇنچە تېز دۈشمەن ئوتى بويۇڭغا .
ئاڭلاپ بولماي يۈگرىدىڭ ئاخىرىنى سۆزنىڭ ،
شەيتان پىكرى ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەچ ئويۇڭغا .
تالاي ئاشىق-مەشۇقنى جۇدا قىلىپ ۋىسالدىن ،
ئايلاندۇردۇڭ بىر ئۆمۈر كاككۇك بىلەن زەينەپكە .
ئوڭشىيالمايمىز نېمىشقا ،نىچۈن ساۋاق ئالمايمىز ،
«قايمۇققان»لار ۋە ياكى كىرەمدىكەن جەننەتكە ؟
سەندىن كەلگەن ئاپەتلەر سانىغانغا تۈگەمدۇ ،
بىراق ،ئۇ چاغ نەدە سوت بالىسىغا سۇلتاننىڭ ؟ !
تەقدىرىگە ۋەتەننىڭ سۇلتان تۇرسا «بىول»شامال ،
كىم بېرىدۇ ئۇ چاغلار ئەدىبىنى بوھتاننىڭ ؟

سېنىڭ كۆرگەن دۆلىتىڭ چاغلىق بولدى شۇندىمۇ ،
ئەل كۆزىدە ،بىلەمسەن ،قىلىپ كەلدىڭ «ئۇر-ئۇر»غا .
مەدھىيىلەر بىر قۇر يوق ساڭا ئاتاپ يېزىلغان ،
لەنەتلەردە بەھكۈمسەن تۈمەن قۇرغا ،مىڭ قۇرغا .
ۋىجدان كەممۇ ،ئەقىل كەم ،بىلەلمىدۇق ۋەجىنى ،
شۇ «قايمۇقۇش» بىزدىكى داۋا تاپماس راكمۇ يا ؟
ئۆلمەيتتىمۇ راك بولسا ،«قايمۇققان»لار بىر-بىرلەپ ،
نادانلارنىڭ ئەۋلادى بۇ ئۆلۈمدىن ساقمۇ يە ؟
ئىزلىرىڭغا قاراپباق :تامام كۆز ياش ،تامام قان ،
سەندىن ئەمەس ئۇ ئەمما ،باشقىلاردىن ئاققاندۇر .
سەن تۆھپەڭگە تەنتەنە قىلغىنىڭچە بولدۇڭ مەست ،
لېكىن ،لەنەت شۇ كۈنى ئاۋۋال ساڭا ياغقاندۇر .
قان ئىچىدە ياتقاندا بىر يازغۇچى تولغىنىپ ،
ئۆلۈمىنى ،ئېيتقىنا ،تىزلەتكىنىڭ نېمىسى ؟
قاچانغىچە قايمۇقۇپ بالا-قازا تېرىيسەن ،
قاچانغىچە ئالدايدۇ سېنى شەيتان ھىيلىسى ؟
ئېچىپ كۆرگۈم كېلىدۇ سېنىڭ گەپدان ئاغزىڭنى ،
ئۆزۈڭ راستىڭ ئېيتقىنا ،ئەقىل چىشىڭ كەممۇ يا ؟
قويدۇڭمۇ يا زەھەر يەپ ،نەپ يېگەندە بىراۋدىن ،
ئىچكەنلىرىڭ ئاشقان ئاش ،يېگەنلىرىڭ خاممۇ يا ؟
توختاپ قالدى بىر دەريا ،كۆيۈپ كەتتى بىر تاغ ھەم ،
ۋەيران بولدى دەستىڭدىن خەزىنىسى گۆھەرنىڭ .
كىتاب يازغان يۈرەككە بىر زاۋاللىق يەتتى ،دەپ ،
چۈشتى گويا ئۆرۈلۈپ تەڭ يېرىمى شەھەرنىڭ .
شۇ كوچىدا سەندەكلەر ئۆلۈپ كەتسە مەيلىتى ،
بىراق ،سېنىڭ زەربەڭدە ئۆلۈغىمىز ئۆلدىغۇ ؟
تەگمەيتتىم بۇ ئىشنى ،قانداق چىداي تەگمەي ،
تاپىنىڭدا يەنە بىر يۈرىكىمىز ئۆلدىغۇ ؟ !
ئەمدى ئويلا ئۆزۈڭنى : قاتىلمۇ سەن ،غاپىلمۇ ،
«قاتىل»سۆزى قانداقچە تەبىر بولماس بۇ ئىشقا ؟
ئويغاق يۈرمەي ۋىجدانىڭ نېمە شۇنچە ئۇخلايدۇ ،
غاپىل بولساڭ ،ئېيتقىنا ،ئويغانمايسەن نېمىشقا ؟
گۇناھكارنى ئىزدىسەك ،يىللار سېنى كۆرسەتتى ،
يەنە سېنى نېمىشقا «قايمۇققان»دەپ تونۇلايمىز ؟
يامانلارغا يان بېسىپ ئاغرىنىشقۇ مەلئۇنلۇق ،
ياخشىلارغا بىز نېچۈن يەنە خەندەك كولايمىز ؟
ئىشەنمەيمەن بىر دېسە بۇ ئۆلۈمدە قاتىلنى ،
سەن تەپكەندە جان ئۈزدى يازغۇچىمىز ئەلەمدە .
رىزۋان سالغان پىچاقنىڭ قىلمىشىدا شۈبھە يوق ،
قامچىلايمىز تۈمەن يىل ئۇنى تېخى قەلەمدە .

* * *

سەككىز دېدىڭ سانىماي ،قارا دېدىڭ قارىماي ،
شۇم قولىغا يەنە بىر پىچاق بولدۇڭ قاتىلنىڭ .
قايمۇقتى !دەپ ئاقلاشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى سىلەرنى ،
نامىڭلارمۇ يوق ئەمدى جۈملىسىدە «غاپىل»نىڭ .

1992-يىل دېكابىر ،1999-يىل ئاپرىل ، غۇلجا

ئىزاھات :ماۋزۇ ئاستىدىكى ئۆزۈندە مۇھەممەت خوجىنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 17-سىنتەبىر سانىغا بېسىلغان «پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى ساماق ئۆلۈمىنىڭ باش-ئاخىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى .
- ئاپتوردىن

ماۋزۇ رەسىمدە :خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىسى ،شائىر ، مەرھۇم تۇردى ساماق ئەپەندى (1992 - 1923 )(M2)

www.uyghurkitap.com



# قۇرت تېرىش

(ھېكايە)

نۇرمۇھەممەت توختى

قۇياش دائىم كۈلۈپ تۇرىدۇ. 15كۈنلۈك تولۇنئايمۇ كۈلۈپ باقىدۇ. يۇلتۇزلار بولسا، كۈلۈمسىرەپ كۆز قىسىدۇ. تۈن كېچىدە تولۇنئاي چۈمۈۋاتقان بۇلاقنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىنى ئاشىق-مەشۇقلار تالاي ئاڭلىغان. راسا تولۇپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنى كۈلۈۋاتىدۇ، دېسەك نېمىسى بولمىغىدەك؟ 10گۈلنىڭ تەڭ يېرىمى ئېچىلغان 30ياشلاردىكى چوكان قىزىلگۈلدەك گۈزەل بولىدۇ. قىزىلگۈلدەك نۇرلىنىپ، قىزىلگۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. توختىماي بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چېقىلىۋاتقان شىمىشكىدىن «تىرىس-تىرىس» ئاۋاز چىقىدۇ. شىمىشكا شۆپۈكلىرى يەرگە ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ھېقىقەتەك سۇزۇك، مارالنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن ۋە چىرايلىق بويۇنلىرىغا قارىساڭ، گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شىمىشكا مېغىزىنى كۆرۈسەن. ئۇنىڭ توختىماي شىمىشكا چاقىقىنى چاققان. چېھرىدىن تاتلىق كۈلكە ئۇچۇپ تۇرغىنى تۇرغان. باش باھارنىڭ ئاپتىپىغا قاقلانغىنىنى قاقلانغان. «قىزىڭنى كۈزنىڭ ئاپتىپىغا سال، كېلىنىڭنى ئەتيازنىڭ» - بۇ بىكار گەپ. ئىمكانىڭ بولسا باھار ئاپتىپىدىن نۇر ئال. قىشچە مۇزلىغان تەنلىرىڭ ئىللىپ قالىدۇ. قۇياشتىن نۇردەك گۈزەللىك، نۇردەك ساغلاملىق، نۇردەك سۈزۈكلۈك ئالىسەن. بازار مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار ۋە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيۋى خىزمىتى دېگەن قانچىلىك خىزمەتتى؟ ئىشلىسە ئىشى كۆپ، ئىشلىمىسە ئىشى يوق. شىمىشكا چاقماي، ئاپتاپقا قاقلانماي نېمىئىش قىلسۇن!؟ گەپ ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، ئۇنىڭغا ئاشۇ خىزمەتنى تەقسىم قىلغان مۇدىردا. يېزا باشلىقىغا خۇشامەت قىلىشنى كەم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا...

- شياڭجاڭ پېنسىيىگە چىقمىغاندۇ؟ - دەپ چاقچاق قىلىدۇ ئەر ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا.

- پېنسىيىگە چىققىلى نەۋاق، - دەپ كۈلۈپ كېتىدۇ ئۇ غۇنچىدەك لەۋلىرىنى ئېچىپ، سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، - مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىلا پېنسىيىگە چىقىپ بولغانىكەن، پۇشۇلداپ ئۇخلايدۇ شۇ...

- باللارنىڭ ئاتىسى...

- باللارنىڭ ئاتىسى شۇ. پېنسىيىگە چىققان ئادەممۇ ئايدا بىر قېتىم پېنسىيە پۇلى ئالغىلى كېلىدىغۇ، ئۇمۇ شۇنداق. سۆرۈلۈپ-پۇشۇلداپ بولسىمۇ بىرەر-ئىككى ئايدا بىرەر قېتىم. باللار شۇ چاغدا بولغان...

پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئەڭ ئالدىدا كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە سومكىسىدىن شىمىشكا چىقىرىپ يېنىدىكىلەرگە تۇتىدۇ:

- گازىر چاقە ئۇكام. گازىرنى كۆپ چاقساڭ، كېيىنرەك پېنسىيىگە چىقىدىغان بولىسەن. ۋەي ئەخمىقىم...

ئاشۇنداق ياغلىق ئىچىدىكى بىھايا چاقچاقلار پات-پات تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. «شياڭجاڭ خانىم» ئىشقا كەلسىلا، قوڭغۇراق چېلىنىپ دەرستىن چۈشكەن مۇئەللىملەر ئىشخانا ئالدىغا يىغىلسىلا چاقچاق باشلىنىدۇ. بۈگۈنمۇ ئاشۇنداق بولدى. چېقىلىۋاتقان شىمىشكىدىن «تىرىس-تىرىس» ئاۋاز تارقىلىۋاتقان ئىشخانا ئالدىغا ئوقۇتقۇچىلار توپلاندى. تاتلىق كۈلۈمسىرەش ئىچىدىكى سالاملىشىشلار بولۇپ

ئۆتتى .ياش مۇئەللىم ئېغىز ئاچتى :

– گازىردىن بىزمۇ چاقايلىلا خانىم ، تاتلىقمىكىن ؟

– چاقالامسەن ؟

–چاقمايچۇ ؟

– پېنسىيىگە چىقمىغانسەن ؟

– نېمە دېگەنلىرى بۇ ،بىزگە تېخى ئاتمىش قوغۇن پىششىقى بار .

– لاتىدەك بوشاپ كەتكەنسەن ھەقىچان . . .

– ئوتاندەك چىڭ بىز تېخى .

– گېپىڭگە قارىغاندا چاقالايدىغان ئوخشىمامسەن ،ئاله مانا .

– جىگدىنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ چېقىۋېتىدىغان چىغىمىز بۇ . . .

ياش مۇئەللىم شىمىشكىنى ئالغاچ «شياڭجاڭ خانىم»نىڭ پاختىدەك يۇمشاق ۋە چوغدەك ئىسسىق قوللىرىنى سىلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى .

– يۇمشاقمىكەن ؟– دەپ تەنە قىلدى خانىم تاتلىق كۈلۈمسىرەپ .

– ئۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق يەرلەر باردۇ ،– دېدى مۇئەللىم قېشىنى ئېتىپ ،– ئۇنىڭ نەگە ئىشارەت قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى .

ياش مۇئەللىم بىرتال شىمىشكىنى ئاغزىغا سالدى ۋە دەرھال تۈكۈردى .ئۇنىڭ تىلىغا تاتلىق مېغىز ئەمەس ،ئاچچىق ۋە سېسىق تەم ئۇرۇلغانىدى .

– بۇزۇلۇپتۇ ،– دېدى ئۇ .

– خوپ بولدى ،– دېدى شياڭجاڭ خانىم .

ياش مۇئەللىم ئەمدى تىرناقلىرى بىلەن يەنە بىر تال گازىرنى چاقتى .گازىر ئىچىدىن يەنىلا مېغىز ئەمەس ،قۇرتنىڭ يۇمشاق ۋە ئۇششاق مايىقلىرى تۆكۈلدى .

– خانىمنىڭ گازىرىمۇ قۇرتلاپ قاپتۇ ، – دېدى ياش مۇئەللىم ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ .

– يەنە نېمەم قۇرتلاپ قاپتۇ ؟– قاشلىرىنى ھىمىردى شياڭجاڭ خانىم .

–مەن يەنە بىرنېمىسىنى قۇرتلاپ قاپتۇ دېمىدىم . گازىرى قۇرتلاپ قاپتۇ دېدىم .

– ئەمىسە نېمىشقا «گازىر»نىڭ كەينىگە «مۇ» نى ئۇلايسەن ؟

– ئۇلىسام ئۇلىدىم ، نېمە بوپتۇ ؟

– يەنە نېمەم قۇرتلاپ قاپتۇ ؟ئېيتە .

– قۇرتلاپ قالغان يەرلەر باردۇ يەنە . . .

– قۇرتلاپ قالىدىغان يەر ئەمەس ئۇ .

– شياڭجاڭ پېنسىيىگە چىققان تۇرسا ، قۇرتلىماي قالامتى ؟

– ئاغزىڭنى يۇم ،تاز .

خانىمنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىمۇ ،گۈلدەك چىراي-زىناقلىرىمۇ كۈلەتتى .پەقەت قاشلىرىلا ھىمىرلىگەنىدى .مۇئەللىملەر كۈلۈشەتتى .خانىم تۇتقان شىمىشكىنى تىرىسلىتىپ چېقىشقاچ كۈلۈشەتتى .

– خاپا بولماڭا خانىم .

– قۇرتلۇق دېسەڭ خاپا بولمايتتىممۇ ئەمىسە .

– مەن ئۆزلىرىنى دېمىدىم .

– ۋاي ئەخمەق تاز ،نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى بىلمەيتتىممۇ مەن . . .

– بىلسىلە نېمە بوپتۇ ؟

– ھېلى قۇرتنى ئالغىلى سالىمەن سېنى . . .

قوڭغۇراق چېلىندى .كىتاب-يوقلىمىلارنى قولتۇقىغا قىستۇرغان مۇئەللىم - خانىملار ئالدىراش سىنىپلارغا ماڭدى .يالغۇز شياڭجاڭ خانىملا شىمىشكىسىنى تىرسىلدىتىپ ئىشخانا ئالدىدا قالدى . ئۇنىڭ چېھرىگە ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپى چۈشۈپ تۇراتتى .چېھرىدىن ئىللىق ئاپتاپتەك ئىللىق كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى .نۇر پەرىشتىسى چوڭقۇر خىياللارغا چۆككەندەك كۆرۈنەتتى .

* * *

ئەتىسىدىن باشلاپ «شياڭجاڭ خانىم»ئىشقا كەلمىدى .نېمىشقىدۇ بولغانلىقىنى مۇدىرمۇ ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىلمەيتتى .مۇدىر مەكتەپ يوقلىمىسىغا «كېسەل»دەپ يېزىپ قويدى .شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتە :«شياڭجاڭ خانىم ئاغرىپ قاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى .ئىستىراھەت ۋاقتىدا ئىشخانا ئالدىغا توپلاشقان مۇئەللىملەر ئەمدى ھېلىقى ياش مۇئەللىمگە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

– قۇرتنى ئېلىپ قويغانمىدىڭ ؟

– ھۆ قىلمىغىنا ئادەمنى ،قېرى خوتۇن تۇرسا ئۇ .

– قېرى بولسىمۇ قىلىقى تاتلىقتۇ ،پىشقان مېۋە تاتلىق بولغاندەك .

– نازى باردۇ ھەقىچان .قېرىنىڭ ھۈنىرى كۆپ .

– مەن ئۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس .

– خانىممۇ ئۇنداق ئىش قىلىدىغانلاردىن ئەمەس

– گېپى ئوچۇق بولغىنى بىلەن قىچىقى يوق

– قۇرتنى ئېلىپ قويغان بولساڭ ،لەززىتىدىن سۇرۇپ ياتامدىكىن دەيمىنا ،بولمىسا نېمىشقا ئىشقا كەلمەيدۇ ئۇ ؟

– ئاغرىپ قاپتۇ دېگەننى ئاڭلىمىدىڭمۇ ؟

– ئۇ دېگەن مۇدىرنىڭ تاپقان گېپى .

– خانىم توغرىسىدا يامان گەپ قىلما .

– چاقچاق قىلدىم . «شاق-شاق ئات كۆتۈرەر ، مىس-مىس پۇت كۆتۈرەر »دېگەننى مەنمۇ ئاڭلىغان .

– ياخشى خانىم ئۇ .

–گېپى ئوچۇق .

– . . .

– . . .

«شياڭجاڭ خانىم»ئىشقا كەلمىگەننىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق قويۇۋېتىلدى .مۇئەللىم-خانىملار چوڭ-كىچىك سومكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ، «شياڭجاڭ خانىم»نىڭ «كېسىلىنى يوقلاش»ئۈچۈن مېڭىشتى .ئەلۋەتتە ،بۇ قېتىملىق «كوللىكتىپ كېسەل يوقلاش پائالىيىتى»گىمۇ مۇدىر سەپەرۋەر قىلغانىدى .

بۇ ئىش ئوقۇتۇش خىزمىتىدەكلا مۇھىم ئىدى . يېڭى ئاچقان بوز يەرگە جىرىم تىكىلگەندەكلا جىددىي سىياسىي ۋەزىپە ئىدى .بىرەركىمنىڭ

قاتناشماسلىقىغا بولمايتتى .شۇڭا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار ھەرىكەتكە كەلدى .مۇدىر شۇنداق دەپ تۇرسا ، ھەرىكەتكە كەلمەي بولاتتىمۇ ؟ئوقۇتقۇچىلار سەپ تارتىپ ،تىزىلىپ ،بايراق كۆتۈرۈپ مېڭىشمىغان بولسىمۇ ،توپلىشىپ ماڭدى .ئاياغلىرى تېگىدىن قويۇق چاڭ-توزان ئۆرلەپ قالدى .چاڭ-توزاندىنلا ئۇلارنىڭ تولۇق سەپەرۋەرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . . .

ئۇلار شياڭجاڭنىڭ بازارنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى چىرايلىق قەلئەسىگە كىرىپ كەلگەندە ،ھەيرانلىقتىن تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىشتى .ھويلىدا ،ھويلىغا تۇتاش باغدا پۇت قويغىدەك بىكار يەر يوق ئىدى .بوش يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كەڭ ۋە قېلىن ئاق يالتىراقلار سېلىنىپ ،ئۈستىگە دۆۋە-دۆۋە قۇرۇق نېمەتلەر يېيىۋېتىلگەنىدى .گۇلە-قاقلار ،ئۈزۈم-كىشمىشلەر ، مېغىز -بادامىلار ،ياڭاق-چىلانلار ،نوقۇت-پۇرچاقلار ، جىگدە -خورمىلار ،گۇرۇچ-بۇغدايلار ،گازىر-شىمىش-كىلار ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇراتتى .مۇدىر باشلىق مۇئەللىم - خانىملار ئالدىدىكى بىر دۆۋە نېمەتكە تىكىلىپ قاراشتى .نېمەتلەر شۇنداق پاكىز ۋە چىرايلىق ئىدى .نېمەتلەر ئارىسىدا ئۆمىلىشىپ -مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىچىك ۋە ئالتۇندەك ساپسېرىق قۇرتلار ۋە قاپقارا مىتىلەرمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى .ھەممە يەردە ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى . قۇرتتىن قورقىدىغان خانىملار چىرقىرىشىپ كەتتى . شۇ ئارىدا «شياڭجاڭ خانىم»ئۆگزىدە پەيدا بولۇپ : «ۋاي خۇدايىم ،ھەرقايسىلىرى كېلىشكەنمىتىلە »دەپ ۋارقىرىدى ۋە «ئەنجان شوتىسى»ئارقىلىق ئۆگزىدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى .ئۆگزىدىن يەنە 3-4ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى .مۇئەللىملەر ئۇلارنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە يۈگۈر-يېتىم ئىش قىلىدىغانلار ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشتى .قارىغاندا ،ئۇلار ئۆگزىدە قۇرت تېرىۋاتقاندەك قىلاتتى .

مۇئەللىملەر ئۆيگە تەكلىپ قىلىندى .ئۇلار مىغىلداپ يۈرگەن قۇرتلار ئارىسىدىن پۇت قويغۇدەك يەر ئىزدەپ ،سىملارغا يېيىۋېتىلگەن ،كۆيلەر ئۇچۇپ يۈرگەن گىلەملەر ئارىسىدىن ئۆتكۇدەك ئارىلىق ئىزدەپ ،ئاۋايلاپ مېڭىشتى .خانىملار بولسا ،ئاشۇ قۇرتلار ھېلىلا چىرايلىق پۇتلىرىغا يامىشىۋالىدىغاندەك ، بىر قەدەم ئالسا بىر قېتىم چىرقىرىشاتتى .

ھېلى بىر پۇتىنى ،ھېلى يەنە بىر پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىشاتتى .ئىككىلا پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىشقا ، مۇئەللەقتە تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشاتتى .تاملىرىغا پار-پۇر قىش چاپلانغان ،تورۇسى ياغاچ ياغىچىدىن ئۈچ ئاسما قىلىپ ئىشلەنگەن مېھمانخانىغا كىرىپلا چاقچاق يەنە باشلاندى .

- ھەممىسى قۇرتلاپ كېتىپتىمۇ ؟- دېدى ياش مۇئەللىم .

- قۇرتلىمىغان يەرلەرمۇ بار ،-دېدى «شياڭجاڭ خانىم »چاقچاققا جاۋابەن ،- سەن تاززە ،قۇرتنىڭ گېپىنى نېمىشقا چىقىراتتىڭ .ئاشۇ كۈندىكى گەپتىن كېيىن كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى .قاراپ باقاي دەپ قارىسام ،مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ،ئىشنى تېرىدىڭدە سەن تاز . . .

- قۇرتنى تېرىشىپ بەرگىلى كەلدۇق .

- قۇرت ئۆلتۈرەلەرسەنمۇ تاز . . .

خانىمنىڭ چىرايىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى . قىزىل گۈلدەك كۈلۈپ تۇراتتى .قۇياش نۇرى ،ئاي نۇرى ،يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى كۈلكە بولۇپ تۆكۈلگەندەك كۆرۈنەتتى .مۇئەللىم ، خانىملارنىڭ چېھرىگىمۇ كۈلكە ياماشتى .ھەممىسى تاتلىق كۈلكە ئىدى .

* * *

بىر ھەپتىدىن كېيىن مۇئەللىملەر «شياڭجاڭ شەھەردە قۇرۇق مېۋە سېتىش دۇكىنى ئېچىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى .

- ئەمدى سېتىۋېتىدىكەنمىزدە- ،-دېدى ياش مۇئەللىم .

- قۇرتلاپ كەتكەن تۇرسا ،بازارغا سالماي نېمە ئامال ،- دېدى شياڭجاڭ خانىم كۈلۈپ ،- ئۇنىڭ كۈلكىسى يەنىلا شۇنداق تاتلىق ئىدى .ئاغزىدىن ئۇچۇپ چىققان شىمىشكا شۆپۈكلىرى كۆكتىن تۆكۈلگەن يۇلتۇزلاردەك يەرگە چېچىلاتتى .كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ياش مۇئەللىمگە نەيزىدەك قادالغانىدى .كۆزلەر ئۇچراشتى .قارچۇقلارنىڭ كەينىدىكى مەخپىي ،سىرلىق نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلىشقاندەك بولدى .

1999-يىل يانۋار ،خوتەن

---

ئاپتور :خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى(M2)

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچتى .ۋاقىپلىنىپ قېلىشىڭىزلارنى سورايمىز .

ئادرېسىمىز :ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇ ،پوچتا نومۇرى :830001 ،تېلېفون : 2856942 ،ئالاقىلاشقۇچى :قۇربان مامۇت ،رىسالەت مۇھەممەت

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



# ئۇدۇن بۇددا مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى

ئابدۇقەييۇم خوجا

ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ تارىخىدا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ، قەدىمكى ئۇدۇن خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلىرىغا مىڭ يىللار داۋامىدا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى ماكانى سۈپىتىدە بۇددىزمنى شەرققە تارقىتىشنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان جۈملىدىن ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى «بىر پۈتۈن كۆپ قىرلىق ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە، ئوتتۇرا يۇرت ئىدېئولوگىيىسىدە مىڭ يىللار ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ۋە شەرقىي ئوكيان ساھىلىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. . . بۇددىزم شىنجاڭدا يالغۇز دىنىي ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىلا ئەمەس بەلكى بىر پۈتۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسالىزمى ھادىسىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇددىزم تارىم ۋە خۇاڭخې (سېرىق دەريا) ۋادىسىنى بويلاپ يىپەك يولى بۇددىزم مەدەنىيىتى بولۇپ شەكىللەندى. يىپەك يولى بۇددىزم مەدەنىيىتى يىپەك يولى سىنكرىتىك (قوشۇلما) مەدەنىيىتى ئېقىمىغا يېڭىدىن يېڭى ھۆسن قوشۇپ، ئىدېئولوگىيىلىك بىلىشنىڭ يېڭى بوشلۇقىنى ئېچىپ، بېكىنمىلىك تەسەۋۋۇرىغا يېڭى دۇنياۋى تەپەككۇر ئېلىپ كەلدى» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل نەشرى 68-، 69-بەتلەر).

ئۇدۇن قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ھەر خىل ئېسىل قاشتاشلىرى، كۆركەم-رەڭدار گىلەم-زىلچا، يۇڭ توقۇلمىلىرى، پىلە، مەشۇت-يىپەكلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان بولۇپ، بۇ گۆھەر زېمىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىناكارلىق، مېتالچىلىق، كۇلالچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، ياپكارچىلىق يىپەكچىلىك، كىگىزچىلىك، تېرە ئەيلەش، كۆن-بۇلغارچىلىق، ياغاچچىلىق، نەقىش-ئويمىچىلىق، بوياقچىلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىق ھەر خىل ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەر-سەنئىتى كەسىپلىرى تەرەققىي قىلغانىدى.

قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى مىلادى 3-، 4-ئەسىرلەردە تېخىمۇ كۈچىيىپ، تەسىر دائىرىسىنى گۇما، ئۇزۇن تات (扜弥国)، نىيا، روڭلۇ قاتارلىق دۆلەت-خانلىقلارغىچە كېڭەيتكەن. ئۇدۇننىڭ جەنۇبى قۇرۇم ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرى بىلەن، شىمالى پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. قۇرۇم ۋە قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىن باشلانغان كۆپلىگەن ئېقىن، تارماق-تارامىلاردىن سانجۇ دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، چىرا دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، نىيە دەرياسى، ئەندىرە دەرياسى قاتارلىق چوڭ-كىچىك دەريالار ھاسىل بولۇپ، بۇ دەريا-ئېقىنلار قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بوستانلىقلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. بۇ يەردە قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئىنسانلار،

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىكچىلىك قىلىپ، ئاۋۇپ، ئۇلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان ئىنسانلارغا ئوخشاش دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇدۇن دۆلىتى ياۋروپا-ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شەرق بىلەن غەربىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن گۈللەپ-ياشنىشىدا مۇھىم قاتناش تۈگۈنى رولىنى ئوينىغان. شۇڭا، ئۇدۇننىڭ غەربىدە پامىردىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە ھەتتا جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ۋە ياۋروپاغىچە بارغىلى، شەرقتە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ تاكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بارغىلى بولاتتى. ئۇدۇن مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمدىن تارتىپ بۇ جايدا ھەر خىل ئىرق، قەۋم، قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئۆز-ئارا قوشۇلۇپ، ئاۋۇپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرغان.

بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئەنگلىيە، شىۋېتسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، روسىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل نامدىكى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيىلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ۋە ئۇلارغا باشچىلىق قىلغان مەشھۇر ئارخېئولوگ-سەيياھلىرى ھازىرقى خوتەن رايونى تەۋەسىدىكى ئۇدۇن (يوتقان) خارابىسى، يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى «مەلىكئاباد» خارابىسى، لوپ ناھىيىسىدىكى ئاق سىپىل قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، راۋاق بۇددا ئىبادەتخانە خارابىسى، كېرىيە ناھىيىسىدىكى «قارادۆڭ»، «ئۆيلۈك»، «مارجانلىق» خارابىلىرى، نىيە ناھىيىسىدىكى «نىيا قەدىمكى شەھىرى» خارابىسى، ئەندىرە، ئاق قوچقىراق قەدىمكى قورغان خارابىلىرى ۋە نامى تىلغا ئېلىنمىغان يەنە بىر مۇنچە قەدىمكى ئىز، خارابە، بۇتخانە، بۇددا راۋاق خارابىلىرى قاتارلىق ئاسار-ئەتىقە ئورۇنلىرىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ، خەرىتىلىرىنى سىزىپ، پىلانلىق، نۇقتىلىق ھالدا تەكرار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جايلاردىن ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيەت-سەنئىتىگە، ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قىممەتلىك، ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى.

قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان بۇ خىل قىممەتلىك يادىكارلىقلار ھازىر لوندون، پارىژ، بېرلىن، موسكۋا، دېھلى، كابۇل، توكيو قاتارلىق مەشھۇر پايتەخت-شەھەرلەردىكى كاتتا مۇزېي، سەنئەت سارايلىرىدا ئەڭ ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يالداملىرى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىپ، كۆرگەزمە قىلىنماقتا.

1950-يىللاردىن ھازىرغىچىلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇزېي، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خوتەن رايونىدىكى ھەر قايسى ئاسار-ئەتىقە نۇقتىلىرىدا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىپ، مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرگە مەنسۇپ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تەتقىق قىلىنىپ، كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىندى.

خوتەن تەۋەسىدىن ئېنىقلانغان، قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش-ئۇدۇننىڭ ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەت تارىخىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىدىغان چوڭ ۋە مۇرەككەپ تېما بولۇپ، ئۇ بىزدىن ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىلمىي قابىلىيەت-ماھارەتنى، ھارماي ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىزدىنىدىغان تارىخىي مەسئۇلىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئۇدۇننىڭ تارىختىكى ھەر خىل ئاتىلىشى ۋە ئۇدۇن سۆزىنىڭ مەنىسى

يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى (ئېتمولوگىيىسى) ھەققىدە ئىزدەنگەندە، يەر ناملىرىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ، جۈملىدىن يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى، تىل تەۋەلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار مۇھىم تەتقىقات مەزمۇنى قىلىنىدۇ.

«ئۇدۇن» دېگەن بۇ نام سىماچيەننىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» (史记.大宛传) دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا «ئۇدۇن» دېگەن سۆز «于遁»، «于阗» دەپ پۈتۈلگەن. «پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «... شىمالدا سوغدىيانا، غەربىدە ئۇلۇغ توخرىيلار، غەربىي جەنۇبىدا باكتېرىيە، شەرقىي شىمالدا ئۇيسۇن (ئاسىۋ، ئاسۋىن، ئۇسۇن دەپمۇ ئوقۇلىدۇ)، شەرقىدە ئۇزۇنتات، ئۇدۇن بار...» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا يەنە ئۇدۇننىڭ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا «ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى رايونلاردا سۇ شەرققە ئېقىپ، بالقاش كۆلىگە؛ شەرقتىكى رايونلاردا سۇ شەرققە ئېقىپ تېتىما كۆل (لوپنۇر كۆلى) گە قۇيۇلىدۇ. لوپنۇرنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. ئېقىننىڭ ئايىقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بېشى، دەريادىن قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ، خۇاڭخې ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاراپ ئاقىدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى سۇڭ سۇلالىسى (مىلادى 960-1279-يىللار) غىچە يېزىلغان «خەننامە»، «ۋېينامە» (مىلادى 220-265-يىللار)، «لياڭنامە» (مىلادى 502-557-يىللار)، «جۇنامە» (مىلادى 557-581-يىللار)، «سۇينامە» (مىلادى 581-618--يىللار)، كونا - يېڭى «تاڭنامە» (مىلادى 618-907-يىللار)، «سۇڭنامە». قاتارلىق غەيرىي رەسمىي تارىخىي خاتىرىلەردە «ئۇدۇن» سۆزى بىردەك «于阗» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى (مىلادى 1279-1368-يىللار) دەۋرىدە ھەر قايسى مىللەتلەر كەڭ كۆلەمدە ئارىلىشىپ ياشىغان، جۈملىدىن ھەر قايسى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت، تىل-يېزىق ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمۇ كېڭەيگەنلىكتىن ھەر خىل ئىسىملار، يەر ناملىرىمۇ شۇ زامانلاردا ياشىغان تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ھەر خىل ئاتالغان. ھەتتا بەزى ئاتالغۇلار سەل ئۆزگىرىش ياسىغان ياكى باشقىچە نام بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن.

شۇڭا «ئۇدۇن» (خوتەن) سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىمۇ كۆپ مەنبەلەشكەن. مەسىلەن، «يۈەن سۇلالىسى مەخپىي تارىخى» دا [ 兀丹 [Wutan] ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا [ [illegible]端 [Handuan] دەپ، يەنە باشقا خاتىرىلەردە «كودۇەن»، «ئېدۇەن» دەپمۇ پۈتۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھ شۈەنزاڭ ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇدۇن» نى 瞿薩旦那 [Kustana] دەپ ئاتىغان. «ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى شۈەنزاڭ تەرىپىدىن ئېيتىلغان [ 瞿薩旦那 [Kustana] دېگەن ئاتالغۇنى قەدىمكى ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ» (خاتانى لياۋداي «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»). «نىيا خارابىسى» دىن قېزىۋېلىنغان مىلادى 3-ئەسىرگە ئائىت كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردىمۇ [Khatan] ياكى [Kustana] دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇدۇن» سۆزىنىڭ خوتەننىڭ نامى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «Udun ئۇدۇن. خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ ‹Udun› دېيىلىدۇ دەيدۇ» (مەھمۇد قەشقەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى، 104-بەت). ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرمۇ «ئۇدۇن» سۆزى ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە ئىزاھ بەرگەن: «ھازىر خوتەن (ئىلچى) دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ ئەسلى نامى ئۇدۇن، شۇڭا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ‹于闐› دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان. كېيىنرەك ‹Udun› سۆزى ھۇدۇن - hudun تەلەپپۇز قىلىنىپ بارا-بارا خوتەن بولۇپ كەتكەن».

ھازىرقى خوتەن ئۆز تارىخىنىڭ ھەر قايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا كۆپىنچە «ئۇدۇن» دەپ ئاتالغاندىن باشقا يەنە كھۇستان، چۇدان، خۇەننا، چىنماچىن قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. لېكىن ئۇلار ئىچىدە «ئۇدۇن» سۆزى ئەڭ قەدىمىلىككە ئىگە. «شەكلى جەھەتتىن قارىغاندا 于闐 دېگەن بۇ ئىككى خەت خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى خەنزۇچە يەر نامىدەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى شۇ يەرلىك ئاھالىلەر تىلىدىكى ئۇدۇن سۆزىنىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىنىشى، خالاس» (يۈۋېيچىڭ: «شىنجاڭدا مەمۇرىي رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىيات ۋە يەر نامىلىرىنىڭ تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل، 113-بەت). فرانسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس ج. ر. خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى «于» خېتىنى ئەينى دەۋر تۈركىي تىلدىكى ماس تاۋۇشى «ئۇ - U» دەپ كۆرسىتىدۇ.

خەنزۇچە تارىخنامىلار، تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ مەلۇماتى ھەمدە تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خوتەننىڭ تارىختىكى ئەڭ قەدىمكى نامى «ئۇدۇن»، سۆزى ھۇن (تۈرك) تىلىدىن كەلگەن بولۇشى، شۇنداقلا خوتەندە ياشىغۇچى «Udun» دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك ئاھالە نامى بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇدۇن سۆزىنىڭ خوتەن سۆزىگە تاۋۇش جەھەتتىن ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقىنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئېنىقمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«ئۇدۇن سۆزىنىڭ خوتەن سۆزىگە پەيدىنپەي ئۆزگىرىشىگە تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن مەلۇم ئاساس تېپىش مۇمكىن. ھون تىلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدە ‹ئو، ئۇ، ئۇ› لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەر ئالدىغا بىر ‹ھ› ئۈزۈك تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسە داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرپەرمەك، ئۇلىماق، ئۆل، ئۇل سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھۇرپەيمەك، ھۇلىماق، ھۆل، ھۇل بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئۇلارنىڭ باش بوغۇمى ئالدىغا بىر ‹ھ› تاۋۇشى قوشۇلغان. تۈركىي تىللارنىڭ بۇنداق تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدۇن دېگەن قەدىمكى سۆز بىرىنچى باسقۇچتا ‹ھۇدۇن› ياكى ‹ھۇدۇن› بولۇپ ئۆزگەرگەن بولۇشى، ئىككىنچى باسقۇچتا. . . ھۇدۇن سۆزىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ‹ئۇ› تاۋۇشى ‹ئە› گە ياكى ‹ئۇ› تاۋۇشى ‹ئا› غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن بەزى سۆزلەر ‹كۆزەم›، ‹قولام›، ‹پۇتام› دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. دېمەك، ئۇدۇن سۆزى ھۇدەن ياكى ھۇدان دېگەن شەكىلگە ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ھۇدەن، ھۇدان تەركىبىدىكى ‹ھ› تاۋۇشى جاراڭلىق ئېيتىلىپ ‹قودان› بولغان بولۇشى ۋە كېيىنچە بۇ سۆز تەركىبىدىكى ھەر ئىككىلا ئۈزۈك تاۋۇش جاراڭسىزلىشىپ ‹خوتەن› بولغان بولۇشى مۇمكىن» (ئۆمەر داۋۇت: «خوتەن دېگەن يەر نامى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 1-سان 59-بەت).

ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بۇ قەدىمىي دىياردا ھەر خىل قەۋم، قەبىلىلەر، مىللەتلەر ياشىغان بولۇپ، تارىختىكى ھەر خىل مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى، تىل-يېزىق ئۆزگىرىشى، دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشى ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىچكى-تاشقى يىغىلىقلار، يېغىلىق-نىزالار كەلتۈرگەن دەھشەتلىك بالايى-ئاپەت، ۋەيرانچىلىقلار. . . دەستىدىن خوتەننىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئىشلىتىلگەن يەرلىك تىل-يېزىقلىرىدا ئەينى زاماندىكى ئۇدۇن تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان مۇكەممەل يەرلىك تارىخنامىلەر، تارىخىي ھۆججەتلەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇڭا ئۇدۇن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىزدەنگۈچى ئالىملار، تەتقىقاتچىلار قەدىمكى خەنزۇچە، سانسكرىتچە، قەدىمكى تىبەتچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان تارىخىي رىۋايەت، ئەپسانە ۋە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ھەر خىل ھېكايە، رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ بىر قاتار تەخمىنىي يەكۈنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. لېكىن ئاخىرقى ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشقا ھازىرغىچە ئامال بولمىدى. . .

ئۇدۇن (خوتەن) سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئالىملار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب، سەيياھ شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» بىلەن «ئۇدۇن دۆلىتى خاتىرىسى»، «ئۇدۇن دىنىي ئەھكاملار تارىخى» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ، ھازىرقى خوتەن دېگەن نام «كھۇستان» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىدىكى «Kustana» يەنى كھۇستان دېگەن سۆز - «ئوغۇز ماكانى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ (ئا. ستېين بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختالغان).

2. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت سانسكرىت تىلىدىكى [Udyana] ئۇدىيانا دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «ئارامباغ» ياكى «گۈللۈك» دېگەندىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

«翻梵语 - سانسكرىتچە تەرجىمە» ناملىق ئەسەردە «于阗» دېگەن سۆز (Udyana - ئۇدىيانا) دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ مەنىسىمۇ «ئارقا ساراي» دەپ ئىزاھلانغان. «سانسكرىتچە - رۇسچە لۇغەت» تە Udyana - ئۇدىيانا دېگەن سۆز - گۈللۈك، باغ دەپ ئىزاھلانغان.

3. تەتقىقاتچىلار سانسكرىتچە [Kustana] دېگەن ئاتالغۇنى «Ku» دېگەن يەر، «Stana» ئەمچەك دېگەنلىك. بۇ ئىككى ئاتالغۇنى بىرلەشتۇرگەندە «يەر ئەمچىكي» دېگەن مەنا چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە بىر دىنىي رىۋايەتنى بايان قىلغان: «. . . خاننىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن، نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋايشىراۋانا تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ پەرزەنت تىلەپ ئىبادەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇت (ئىلاھ ئوبرازى) نىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوغۇل چىقىپتۇ. ئۇ، ئۇنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. بۇنى ئەل-خالايىق تەبرىكلەپتۇ. لېكىن بوۋاق سۈت ئەممەپتۇ. خان بالىنىڭ ئەي بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، يەنە ئىلاھ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، ۋايشىراۋانادىن بالىنى قانداق بېقىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى يەردىن ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئوغۇل ئۇنى ئېمىپ ئەي بوپتۇ. ئەلدە تەڭدىشى يوق باتۇر بولۇپ يېتىلىپتۇ. . . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىشاھلىق مۇشۇ ئەۋلادنىڭ قولىدا بوپتۇ. . . (بۇ دۆلەتنىڭ مەشھۇر خانى) يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئەمچەكنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن كۇستانا ‹[Kustana] يەر ئەمچىكى› دېگەن ئاتاق بۇ ئەلنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ. . .» («ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»، 12-جىلد).

4. بەزى تەتقىقاتچىلار Udun - ئۇدۇن دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى Hu—vat—ana بولۇپ، ئۇ، «قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇدۇننىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ساكلاردىن ئىدى. ساك [Saka] دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدە، «ئۇدۇن» دېگەن نام مۇشۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار كەسكىن قىلىپلا: «ئۇدۇن دېگەن نام ساك قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ ۋىسانى كۆرسىتىدۇ، ئۇ فامىلە بولۇپمۇ كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ (نيۇرۇجى: «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە بايان»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى، 67-بەتكە قاراڭ).

5. ياپونىيىلىك دوكتۇر شىراتورى: «ئۇدۇن دېگەن سۆز تىبەتچە بولۇپ، قاشتېشىنى تىبەتچە [gyu] دەيدۇ. قەدىمكى تىبەتلىكلەر 于 ئاۋۇشىنى [Khu] ياكى [gu] دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى. تىبەتچە شەھەر-كەنتلەرنى [tong] دەيدۇ. بۇ [tan] گە ماس كېلىدۇ. 阗 خېتى tan دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا 于阗 (يۇتيەن - ئۇدۇن) نىڭ مەنىسى قاشتېشى ماكانى ياكى قاشتېشى شەھىرى دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئۇدۇن (خوتەن) سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ يەنە باشقىچە چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ بار. لېكىن ھازىرغىچە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر چۈشەندۈرۈش ئېنىق بېكىتىلمىدى.

## ئۇدۇن (خوتەن) دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى ۋە ئۇدۇن زېمىنىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ نامى مىلادىدىن 91-104 يىل ئىلگىرى يېزىلغان «史记 - تارىخىي خاتىرىلەر» دە ئۇچرايدۇ. خەنۇۋدىنىڭ جيەنيۈەن 3-يىلى (مىلادىدىن 138 يىل ئىلگىرى) جاڭ چيەن تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتقا كەلگەندە، ئۇدۇندا دۆلەت قۇرۇلغىلى خېلى يىللار بولغانىكەن. شۇڭا، تارىخچىلار ئۇدۇندا دۆلەت قۇرۇلغان ۋاقىتنى يەنىلا مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇدۇن ئۆزىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇلۇغۋار نامايەندىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان قەدىمىي يۇرت بولۇپ، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ يىن، شاڭ سۇلالىرى دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9-ئەسىرگىچە) دە ئۇدۇننىڭ ئېسىل قاشتېشى ئىچكىرىدىكى رايونلارغا كىرگۈزۈلگەن.

قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى تەۋەسى ئىچىدە ھازىرغىچە بايقالغان قەدىمكى كىشىلەر ياشىغان نورغۇنلىغان ئىزلار (ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار) دىن قارىغاندا، بۇ يەرلەردە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرلىرىدىلا ئىنسانىيەت پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسەتتى. خوتەن تەۋەسىدىن ئېنىقلانغان بۇ خىل قەدىمكى ئىزلاردا پەقەت يەر ئۈستىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال - ئالامەتلەرنى ئىگىلەپ تەكشۈرۈپلا قويۇلدى. ئەگەر ئاشۇ ئارخېئولوگىيىلىك يىپ ئۇچىغا ئاساسەن نۇقتىلىق ھالدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلسا، بەزى نۇقتىلىق قەدىمكى ئىزلارنىڭ يەر قاتلىمى (ئاساسلىق مەدەنىيەت قاتلىمى) مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈلسە، تېخىمۇ كۆپ قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ سىرى ئېچىلغان بولاتتى. . . ھەر ھالدا ھازىرغىچە ئېنىقلانغان يۈزەكى بايقاشلار بويىچە ئېيتقاندىمۇ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقىدىن بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەۋە قەدىمكى ئىزلاردا

ياشىغانلار ئۇدۇننىڭ ئەڭ دەسلەپكى يەرلىك ئاھالىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىن زاماندىن زامانغا ئۆلىشىپ بۇ يەرلىك ئاھالىلەرگە يەنە ئورغۇنلىغان ئۇرۇق، قەۋم، قەبىلىلەر قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارىيانلار، ساكلار، ھونلار، توخرىيلار، ئىفتالىتلار (ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سوغدىلار، تۈركلەر (قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ)، پارسلار، ھىندى قەۋملىرى، تىبەت-چياڭ قەۋملىرى ۋە باشقىلار بار ئىدى.

مەلۇمكى، ئىرق، قەۋم ئەلۋەتتە مىللەت ئۇقۇمىغا تەڭ ئەمەس. تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق بىر مىللەت ھەرگىز مەلۇم ئۇرۇق، قەبىلىنىڭ كۆپىيىشىدىن شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن ئاھالىلەر ئومۇملىقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇدۇندا ياشىغان قەۋم، قەبىلە، ئاھالىلارنىڭ بەزىلىرى غەربتىن، بەزىلىرى شەرقتىن، يەنە بەزىلىرى شىمالىي ئاسىيادىن، ھىندىستاندىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئاھالىلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل بىرىكىشى ھەر خىل ماددىي مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنى ئەسلىدىكى يەرلىك مەدەنىيەت ئاساسىدا باشقا تۆرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىجابىي يوسۇندا سىڭىپ كىرىشى بىلەن شەكىللەنگەن مەدەنىيەت، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۇدۇن تەۋەسىدىن ئېنىقلانغان تەخمىنىي يىل دەۋرى بىر قەدەر ئېنىقراق بولغان قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1. كىلياڭ قەدىمكى ئىزى - گۇما ناھىيىسى كىلياڭ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى تاشقىن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°56′40″ شىمالىي پاراللېل 37°14′20″ قا توغرا كېلىدۇ. تاشقىن دەرياسى بويىدىكى يانتۇلۇقنىڭ سۇ ئېقىنلىرىنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان ئىككىلەمچى تىننا قۇمساڭغۇ توپا قاتلىمى (4-6 مېتىر قېلىنلىقتىكى، جانلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىككىلەمچى قۇمساڭغۇ توپا قاتلىمى) دىن 100 مېترچە دائىرىگە سوزۇلغان كۆل، كۆيگەن سۆڭەك پارچىلىرى، جانلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى بار قاتلام ئېچىلىپ قالغانلىقى بايقالغان. بۇ ئەتراپتىن يىرىك ساپال پارچىلىرى، سۆڭەك پارچىلىرى ۋە ئويۇلغان ئىزلىرى بار تاشلار تېپىلغان.

2. گۇما ناھىيىسىدىكى ساغاننىڭ ئەتراپىدىكى ئىدىرلىق، ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىزىلتام قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى ئىزلاردىن تاش پىچاق، تاشتىن ياسالغان ئۇرۇش - كېسىش سايمانلىرى، سۈركەپ ياسالغان تاش ئورغاق قاتارلىقلار ۋە قۇم ئارىلاشقان قىزىل، كۈلرەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان.

3. باش كەڭسۇلۇق (سۇلۇق دېگەن سۆز خوتەن يەرلىك تىلىدا «سۇلاق» دېيىلىدۇ. شۇڭا يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇ جاينى «باش كەڭسۇلاق» دەپ ئاتايدۇ) قەدىمكى ئىزى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا 77 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يانتۇ ئىدىرلىققا جايلاشقان. قەدىمكى ئىزنىڭ شەرقىدە سۇنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان جىلغا بار. بۇ قەدىمكى ئىزنىڭ ھازىر ئېنىقلانغان دائىرىسى تەخمىنەن 3500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى ئىز دائىرىسىدىن قىرغۇ قورالى ۋە تاش ئوق ئۇچى، تاش ئۇزەكلىرى، تاش ياپراقلىرى قاتارلىق 170 دانىدىن كۆپرەك بۇيۇم يىغىۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇششاق تاش قوراللار كۆپرەك بولۇپ، قىرغۇ قوراللىرى - يۇمىلاق بىسلىق، تۈز بىسلىق ۋە قوش بىسلىق قىرغۇ قوراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىۋېلىنغان 2 دانە تاش ئوق ئۇچى خېلى ياخشى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئوقنىڭ ئۇچى ئانچە ئۆتكۈر ئەمەس، ئىككى ياندىكى بىسلىرى نېپىز ھەم ئىتتىك.

يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار ئاساسەن ئۇرۇش - سوقۇش ئۇسۇلىدا ياسالغان. بەزىلىرى قىسىپ يونۇش ئۇسۇلىدىمۇ ياسالغان. بۇ قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان تاش قوراللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ دەۋرى تىمىك يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ياكى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ بېكىتىلگەن (قەدىمكى ئىز توغرىلىق يېزىلغان بۇ ماقالە ۋاڭ بو، جاڭ تېنەن ئىمزاسىدا «شىنجاڭنىڭ تاش قوراللار دەۋرى ئارخېئولوگىيىسى جەھەتتىكى يېڭى بايقاش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998-يىل، 35-، 36-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان).

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 50-يىللاردىن تارتىپ 90-يىللارغىچە خوتەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بوغازلەڭگەر يېزىسى تەۋەسىدىكى «يەتتە تۇنۇك» دېگەن سايدا، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىي زاۋا بوستانلىقىنىڭ ياقىسى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تاغ قاپتىلىدا، چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرتاغلىق يېزىسىنىڭ كونا يامۇل دېگەن جايىدا، لوپ ناھىيىسىنىڭ قارا يانتاق دېگەن جايىنىڭ جەنۇبى، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئىككى تارماق ئېقىن قوشۇلىدىغان جاي (ھازىرقى ئىمام جەئفەر سادىق پادىشاھىم مازىرى ئەتراپى) قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قەدىمكى ئىزلاردىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا ئائىت تاش ئوق، ھەر خىل بىسلىق قىرغۇ تاش قوراللىرى، يونۇپ، سىلىقلاپ ياسالغان تاش قورال، تاش مېغىزى، سالغا تاش قاتارلىقلارنى تاپتى.

قەدىمكى تارىم ئاھالىسىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى (ئېتنىك تەركىبى) توغرىسىدا ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئالىم، ھارماس ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستېين شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ناھايىتى كۆپ ماتېرىيال توپلىغان. ئۇنىڭ بۇ ماتېرىياللىرىنى روسىيىلىك ئاتاقلىق ئىنسانشۇناس (ئانتروپولوگ) جويس قايتا تەتقىق قىلىپ 1903-، 1912-، 1926-يىللىرى ئېلان

www.uyghurkitap.com

قىلغان. جويسىنىڭ جەدۋىلىدە تىبەت، شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىكى ئاھالىلار تۆۋەندىكى تىپلارغا ئايرىلغان:

1. باش سۆڭەك يۇمىلاقلىقى گەۋدىلىك بولغان ئاق ھال تەنلىك ئىرق: بەدەن ئېگىزلىكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل تۆۋەنرەك، بۇرنى ئىنچىكە، ئېگىز (قۇش تۇمشۇقلۇق بۇرۇن بىلەن تۈز بۇرۇن ئارىسىدا)، يۈزى ئۇزۇن، سوقىچاق كەلگەن (ئاتيوز)، چاچلىرى قارا، قارامتۇل دولقۇنسىمان (بۇدرەسىمان)، بەدەنلىرى تۈكلۈك، كۆز قارىچۇقى ئوتتۇرا ھال (چېقىر) كەلگەن ئىرق.

2. ئاق ئىرق: سەل-پەل بۇغداي ئۆڭلۈك، باش سۆڭەك يۇمىلاقلىقى كۈچلۈك، ئېگىزلىكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن تۆۋەنرەك، بۇرنى ئادەتتە كەڭرەك ۋە تۈز، ياڭاق سۆڭىكى كەڭ، چاچلىرى سەل تۈز، قوڭۇر، ئانچە قويۇق ئەمەس، قوي كۆزلۈك بولغان ئىرق، بۇ تۈركىيلەردۇر.

3. تېنى ئالما ئۇرۇقى رەڭ، سوقىچاق باش سۆڭەكلىك، ئېگىز بويلۇق، بۇرنى ئىنچىكە ۋە ئېگىز كەلگەن (قۇش تۇمشۇق بۇرۇنلۇق)، يۈزى سوقىچاق، چېچى قارا ۋە دولقۇنسىمان، قوي كۆزلۈك كەلگەن ئىرق – بۇ ھىندى، ئافغان ئىرقىغا ئوخشايدۇ.

4. ئالما ئۇرۇقى تەنلىك كەلگەن ئىرق: ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل تۆۋەن، بۇرنى تۈز ۋە سەل قىلىنراق، چاچلىرى قارا دولقۇنسىمان، ساقال-بۇرۇتى شالاڭ، قوي كۆزلۈك ئىرق – بۇ تىبەت ئىرقىدۇر.


5. سارغۇچ ئۆڭلۈك، باش سۆڭىكى يۇمىلاق، بويى پاكارراق، بۇرنى تۈز، قىلىنراق ياكى ئېگىزرەك، بۇرۇن تۆشۈكلىرى سەل چوڭراق (كۆندىلەڭ شەكىلدە)، يۈزلىرى قىسقا، كەڭ، چاچلىرى تۈز ۋە قارا، ساقال-بۇرۇتلىرى شالاڭ (ياكى كوسا)، كۆزلىرى قارا ۋە سەل قىيسىق، ياش قاپارچۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان قېپى بار ئىرق. بۇ موڭغۇلوئىدلاردۇر (جويسىنىڭ 1903-يىلى ئېلان قىلغان كىتابىنىڭ 332-بېتىگە قاراڭ).

جويسىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك جەدۋىلىدىكى بىرىنچى تىپ يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سېرىقغول (تاجىكلار) ۋە ۋاخانلاردا، شۇنىڭدەك خوتەن ۋىلايىتىدىكى كېرىيە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلاردا كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ باش سۆڭىكى يۇمىلاقراق ۋە يۈزى ئانچە چوڭ ئەمەس. يۇمشاق، بۇدرە چاچلىق، ساقال-بۇرۇتلىرى قويۇق كېلىدۇ. ئۇلاردا موڭغۇلوئىدلارنىڭ تۇرقى-قىياپىتىدىن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ.

تۈركىيلەر ئىرقىغا تەئەللۇق ئىككىنچى تىپ يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بويلىرىدا، قىرغىزلار، دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە كەلپىن، ئاقسۇ، پەيزاۋات ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تىپ بېشىنىڭ يۇمىلاقلىقى، يۈزىنىڭ كەڭ ۋە گۆشلۈكلىكى، چاچلىرىنىڭ قارامتۇل (قوڭۇر) ۋە دولقۇنسىمانلىقى، قوي كۆزلۈك، يۇقىرى قاپىقىنىڭ قېتى چوڭ، كۆز ئوقلىرى سەل-پەل قىڭغىر (ئاساسەن قىرغىزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، 37% نى تەشكىل قىلىدۇ) لىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ (جويسىنىڭ 1912-يىلى نەشر قىلغان كىتابىنىڭ 464-، 465-بەتلىرى).

شىنجاڭنىڭ شەرقىدە – قۇمۇل، تۇرپان، كورلىلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە ئامىللىرىنىڭ كۆرگە چېلىقىدىغان ئارىلاشمىلىرىنى ئاسانلا كۆرگىلى بولىدۇ.

جويس ئايرىغان ئۈچىنچى تىپ ھىندى-ئافغان تىپى ياۋروپائىدلارغا تەئەللۇق بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيادا مۇشۇ تىپنىڭ تارقالغان ئاساسىي بەلبېغى غەربىي جەنۇب رايونىدۇر (ن. ن. چېباكساروف: «جۇڭگونىڭ ئېتنىك ئانتروپولوگىيىسى»، رۇسچە، 1982-يىل، موسكۋا «ئىلىم-پەن نەشرىياتى» نەشرى 121-، 126-بەتلەر – ئابدۇكېرىم راھماننىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» 295-، 298-بەتلەردە



1-سۈرەت: 1964-يىلى لوپ ناھىيە سانپۇل قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان، بېجىرىم ساقلىنىپ قالغان ئىگەر گىلىمى (بۇنىڭدىن 2200 يىللار ئىلگىرى)

كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى).

1984-يىلى 1-ۋە 11-، 12-ئايلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيە سانپۇل يېزا سايباغ كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 52 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈردى. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر، ھەر خىل رەڭلىك نەپىس يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە تۈز ۋە قىيپاش يوللۇق، كۆپتۈرمە تىۋىتلىق، ئۈچۈم تىۋىتلىق، يوللۇق تىۋىتلىق توقۇلغان يۇڭ رەختلەر، نېپىز، قېلىن، زىچ ۋە شالاڭ توقۇلغان يۇڭ رەختلەر، ئۆرۈشلىرىدىن خىلمۇ خىل گۈل چىقىرىپ توقۇلغان يۇڭ رەختلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ توقۇلۇشى سىپتا ۋە كۆركەم.

يۇڭ يىپ ۋە يۇڭ توقۇلمىلارنى بوياش تېخنىكىسىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار ئەينى زاماندىكى يەرلىك مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى ۋە ھەر خىل ئۆسۈملۈك، مېۋىلەرنىڭ گۈل-يوپۇرماق، يىلتىز، پوستلىرىنى خام ئەشيا قىلىش ئارقىلىق تەڭشەلگەن قىزىل، كۆك، يېشىل، سېرىق، قارا، جىگەر رەڭلەردە بويالغان.

يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە يەنە ھەر خىل پالاس، رەڭدار توقۇلغان گىلەم، زىلچە گىلەملەر بار بولۇپ، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى توقۇلغان، ھازىرغىچە رەڭگى ئۆچمەي ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان

توقۇلمىلار قەدىمكى ئۇزۇن گىلەمچىلىك تارىخى، يۇڭ توقۇمىچىلىق تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە مەخسۇس قىرغىقى ئەسۋابى بىلەن سىلىق، كۆركەم، تەكشى قىرىپ ياسىغان، ھەر خىل (چوڭ-كىچىك) ياغاچ تاۋاق، ياغاچ جام، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ چۆچەك (ئاياق)، سوقىچاق، دۇگىلەك شەكىلدىكى چوڭ-كىچىك تەڭنىلەر، سىلىق ۋە ئەپچىل قىلىپ ياسالغان تۆت پۇتلۇق شىرە قاتارلىقلار بار. بۇ يادىكارلىقلار بىزگە ئۇدۇندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ياغاچ بويۇملارنى كەشىپ قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە خېلى يۇقىرى قىرىش تېخنىكىسىنى



2-سۈرەت: (A) لوپ ناھىيە سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن پۇرمە پۇچقاقلىق ئىشتانغا توقۇپ چۈشۈرۈلگەن ئادەم ۋە گۈل-گىياھ رەسىملىرى (ۋاقتى: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرگە تەۋە)

نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاسون-شەكىللىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئويما ياقىلىق، كەڭ [illegible]

گېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، مەيدىسى پۇرمە، ئېتىكى قات-قات، ئۈستى تۈز پاسونلۇق كۆڭلەكلەر ۋە تۈز پۇشقاقلىق، ئېغى كەڭ، بوغما پۇشقاقلىق رەڭدار يۇڭ ئىشتانلار بار.

سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان گىلەم، زىلچا ۋە ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەك قاتارلىقلار توقۇش ئۇسۇللىرى ۋە خىللىرىنىڭ كۆپلىكى، سېپتىلىقى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ خىلمۇخىل، كۆركەم، ئۆزگىچىلىكى، رەڭلىرىنىڭ جۇلالىقلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بىز بۇ كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل يادىكارلىقلاردىن ئۇدۇندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچمىڭ يىللار بۇرۇنلا خېلى مۇكەممەل، يۇقىرى توقۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رەڭ تەڭشەش، بوياش، ئۆرۈشتىن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىپ توقۇش ھۈنىرىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ پۇتىغا ئۇزۇن ياكى كالتە قونچىلىق كىگىز پايپاق، تېرە (كۆن) ئاياغ، چەمى تېرە،



2-سۈرەت (B) : رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتاندىكى ئوبرازلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قايتىدىن سىزىلغان رەسىمى

قونچى كىگىز ۋە كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئاياغلار كىيگۈزۈلگەن. بەزى مېيىتلارنىڭ

www.uyghurkitap.com


ئۆرۈمە چاچلىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۆرۈمە چاچلار ئىچىدە جۈپ ئۆرۈمە، كۆپ ئۆرۈمە، تاق ئۆرۈمە، ئەشمە چاچ ۋە ياسالما ئۆرۈمە چاچلارمۇ، كۆپ ئۆرۈمە چاچلارنىڭ بىر يۇرۇش تۆت تال، ئەڭ كۆپلىرى 16 تال قىلىپ ئۆرۈلگەنلىرىمۇ بار. مېيىتلارنىڭ بېشىغا يۇڭ توقۇلمىلاردىن، كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل ئۇچلۇق قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن. بۇ ئەھۋال ساكا تىگراخائۇدلار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) نىڭ تەسۋىرىگە ئوخشىسا، بەزى قەبرىلەردىكى مېيىتلارنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە چاكاندا، يالپۇز، ئۈسۈملۈك ئۇرۇقىدىن ياسالغان مارجان (تەسۋىگە ئوخشايدۇ) قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشى «ئۆزى تېۋىنىدىغان دورا ئۈسۈملۈكىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار» (ساكاخائۇماۋارگا - SakaHaumaVarga) نى ئەسلىتىدۇ.



3-سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ئادەم باشلىق، ئات تۇياقلىق ئويمىزدا ئويۇپ ياسالغان ياغاچ شىرەنىڭ پۇتى

84LSM1 ۋە 84LSM16-نومۇرلۇق قەبرىلەردە مېيىتلار بىلەن بىللە ھەمدەپنە قىلىنغان ئىككى ئاق بوز ئاتنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغان. بۇ ئاتلارنىمۇ ئايرىم لەھەت ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىگە شاخ-شۇمبا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمگەن. كۆمۈلگەن ئاتلارنىڭ بېشىغا قۇشنىڭ پەيلىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ، 16-نومۇرلۇق لەھەتكە كۆمۈلگەن ئاتنىڭ ئىگەر-توقۇملىرى توقۇلغان پېتى ساقلىنىپ قالغان. تېرە قاپلانغان قوش باشلىق ئىگەرنىڭ ئاستىغا ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن ئۈچ قەۋەت توقۇم (ۋە

ئىچىلىك) قويۇلغاندىن تاشقىرى ئىگەر ئۈستىگە 73 × 76.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى رەڭدار گۈللۈك ئىگەر گىلىمى يېپىلغان. ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بۇ ئىگەر گىلىمىنىڭ (1-سۈرەتكە قاراڭ) تۆت بۇرجىكىدە پۆپۈكلىرى بار بولۇپ، بۇ ئېسىل يادىكارلىق ئۇدۇن دىيارىدا ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى توقۇلغان بىردىنبىر گىلەم ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (باشلىرىغا قوش پەيلىرى قىستۇرۇلۇپ، ئىگەر-جابدۇقلار بىلەن ھەمدەپنە قىلىنغان ئاق بوز ئاتلارنىڭ تېپىلىشى، ئەينى زاماندا ئۇدۇندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل دەپنە يوسۇنلىرى باشقا رايونلاردىن قېزىلغان قەدىمكى قەبرىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 1929-يىلى مىلادىدىن 3 ۋە 5 ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس پازىرق (قازاقىستاننىڭ ئالتاي رايونى تەۋەسىدە) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مېيىت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن، بېشىغا قوش پەيلىرى قىستۇرۇلۇپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ، ئىگەر-جابدۇقلار بىلەن ئېسىل بېزەلگەن ئاتلار تېپىلغان). بۇ قەبرىلەردىن يەنە بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن بىر ئەركىشىنىڭ جەسىتىمۇ تېپىلغان. سانپۇلدىكى 84LSM1-نومۇرلۇق قەبرىدىنمۇ مېيىتنىڭ بىر ئوڭ قولى تېپىلغان (قەبرىگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ قايسىسىنىڭ قولى ئىكەنلىكى ئېنىقلانمىدى) بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ رەسىمى



4-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان كىچىك تىپتىكى ساپال ھەيكەللەر

چېكىلگەن.

سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 84LSMI-نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما كىيىم-كېچەكلەر ئىچىدە كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان رەڭدار ئېسىل يۇڭ توقۇلمىدىن پۇرمە پۇشقاقلىق قىلىپ ئالاھىدە تىكىلگەن ئىشتان (ئۇزۇنلۇقى 58 سانتىمېتىر، 61 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.45 سانتىمېتىر، 2.48 سانتىمېتىر) نىڭ تەكتى قاراكۆك رەڭلىك. ئوڭ پۇشقىقىدىكى گۈل-چېچەكلىك دائىرە ئىچىگە بېلىنىڭ يۇقىرى ئادەم قىياپەتلىك، بېلىنىڭ تۆۋەنكى بەدىنى ئات قىياپەتلىك، ئاغزىدا ئۇزۇن نەيگە ئوخشاش بىر نەرسىنى چىشلەپ، ئۇنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ پۈۋدەپ تۇرغان، ئۇچىسىغا يەلمە (يوپۇق) كىيگەن، قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى زېۋۇس، ئافىنا، ھېراكلىس قاتارلىق ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئىلاھلارنىڭ ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان «غەلىتە ئوبراز» ستېرېئولۇق (كۆپتۇرمە) ئۇسلۇبتا توقۇپ

چىقىرىلغان.

ئىشتاننىڭ سول پۇشقىقىغا قاۋۇل، كېلىشكەن، قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇۋالغان لەشكەرنىڭ قىياپىتى (قاشلىرى قارا، ئاغزى-لەۋلىرى قىزىل، كۆزلىرى هال، قارچۇقى كۆك رەڭلەردە) كۆپتۈرمە ئۇسلۇبتا توقۇپ چىقىرىلغان (2-سۈرەت، رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتاننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تارتىلغان A. B سۈرەتلىرىگە قاراڭ).

تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئىلاھلار ئوبرازىغا ئوخشايدىغان ستېرېئولۇق توقۇلما ئوبرازنىڭ سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلىشى جۈملىدىن بۇ خىل ئوبرازنىڭ يەنە نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچتىن ياسالغان شىرەنىڭ پۇتلىرىغا نەقىش قىلىپ ئويۇلۇشى (3-سۈرەتكە قاراڭ) بىزنىڭ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئوبراز (ئات ئادەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يۇنان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ توتېمى بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ دەل قەدىمكى ئۇدۇندا ياشىغان ئاھالىلەر ئىرقىنىڭ ياۋروپا ئىرقىدىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى شەرقىي تارمىقىغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى يەكۈنلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ، ياغاچ كۆمۈرى، قۇمۇش قاتارلىقلارنى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق يىل دەۋرىنى بېكىتىش تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆلچەپ بېكىتكەن نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولغان:



5-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان ھەرخىل ھايۋان ئوبرازىدىكى ساپال ھەيكەللەر

1. 84LSM2-نومۇرلۇق قەبرىنىڭ 2 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى قەبرە تېمىدىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈرنى كاربون 14 (C14) ئانالىزى ئارقىلىق بېكىتكەن دەۋرى 65 ± 2295 (يەنى بۇنىڭدىن 2300 يىل بۇرۇن)؛

2. 84LSM1-نومۇرلۇق قەبرىنىڭ 2 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى يېرىدىن ئېلىنغان قۇمۇشنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق بېكىتىلگەن دەۋرى 65 ± 2105 (يەنى بۇنىڭدىن 2100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى) يىل بولۇپ چىققان. يۇقىرىدىكى تەجرىبە يەكۈنلىرى بىلەن قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىپادىلىگەن دەۋر خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ.

1984-يىلدىن كېيىن ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىدىن خەن كاڭشىن، زۇچۇڭشىن قاتارلىق ئىنسانشۇناسلار سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن باش سۆڭەكلەرنى ئۆلچەپ، ھېسابلاپ، ئىرقى جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغان كۆپ خىل سانلىق ئاساسلارنى كىرگۈزۈپ، جەنۇبىي پامىر ساكلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قارا قىرغىز، كۆنچى دەريا بويىدىن قېزىلغان قەدىمكى قەبرە ۋە قازاقىستاندىكى «ئاندىرونوۋ» قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى زامان ئادەملىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئىككى دانە باش سۆڭەكنىڭ «ئۇزۇنچاق باش تىپىدىكى ياۋروپا ئىرقى تەركىبىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى» ۋە «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تىپىدىكى باش سۆڭەكلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە يەنە: «سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلەرنى ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇپ چىققان سانلىق ئاساسلار ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھېچ بولمىغاندا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، «شۇڭا مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە خوتەن رايونىدا ياشىغان قەدىمكى زامان ئاھالىسى بىلەن لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمكى كىرورەن ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي تەركىب جەھەتتە ئوخشاشلىقى بار بولۇپلا قالماستىن، غەربىي تەرەپتىكى دەۋر جەھەتتىن تېخىمۇ بالدۇر بولغان پامىر ساكلىرى بىلەنمۇ ئوخشاش بەدەن تىپىغا ئىگە» دەپ يەكۈن چىقاردى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار «بوددا ئېلى ئۇدۇن» (لى يىنپىڭ ئەسىرى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



6-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان ئايال ھەيكىلى (ساپال) ھەيكەل ھازىر لوندوندا ساقلانماقتا.

www.uyghurkitap.com

1995-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 28-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى). شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇش ھاجەتكى، يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئۇدۇندا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى، مىللىتى ۋە تىلى توغرىسىدا كەڭ تۈردە تەتقىق قىلغان ۋە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچىلىك بىردەك خۇلاسىگە كېلەلمىدى.

## بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقالغان دەۋرى توغرىسىدا

بۇددىزم تارىخى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار، تەتقىقاتچىلار بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقالغان ۋاقتىغا قارىتا ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان ئەقلىي يەكۈنلەرنى چىقاردى. ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، «بۇددا دىنى ئۇدۇن دۆلىتىگە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردە تارقالغان» دېگەن قاراش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قاراش - ئۇدۇننىڭ خانلىق نەسەبى، ئۇدۇندا دۆلەت قۇرۇلغان ۋاقىت ۋە خەنزۇچە «يىلنامە»، تارىخىي خاتىرىلەردىكى قەدىمكى ئۇدۇن ھەققىدە پۈتۈلگەن ھەر خىل خاتىرىلەرگىمۇ خېلى ماس كېلىدۇ.



7-سۈرەت: ئۇدۇن دىيارىدىن تېپىلغان بۇددا ھەيكىلى. ھازىر لوندوندا ساقلانماقتا


مەلۇمكى، بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-، 5-ئەسىرلەردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن. بۇددىزمنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى ۋە بۇددىزمنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى توغرىسىدا نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن شائخەي لۇغەت نەشرىياتى 1981-يىلى نەشر قىلغان «دىن لۇغىتى» (宗教词典) ۋە ياپونىيىلىك ئالىم خاتانى لياۋداي يازغان «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» قاتارلىقلاردا مۇھىم يەكۈنلەر تونۇشتۇرۇلغان. «دىن لۇغىتى» دا ئىخچاملاشتۇرۇلۇپ تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان: بۇددا دىنىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 565-484-يىللاردا ياشىغان سىددخارتخا (Siddhartha) ئىختىرا قىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى ھىندىستان-نېپال چېگرىسىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى كاپلاۋاستۇ (Kaplavastu) پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سۇددھو دانا (Suddho dana) نىڭ شاھزادىسى ئىدى. سىددخارتخانىڭ ئانىسى گۈزەل خانىش مايا (Maya) ئۇنى لۇمبىنى (Lumbini) باغچىسىدا تەۋەللۇت قىلغاندا،ناندا (Nanda) ۋە ئۇپاناندا (upananda) قاتارلىق جاسارەت ۋە شادلىق مۇئەككەللىرى ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىپ، ئۇنى يۇيۇندۇرغانىكەن. شاھزادە سىددخارتخا ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغاندىن كېيىن ئۇنى ھاممىسى ماھاپىراجاپاتى تەربىيەت قىلغان. بالاغەتكە يەتكەندە گۈزەل قىز گوپا (Gopa) بىلەن نىكاھلىق بولغان. ئۇ، 29 يېشىدا ئەيش-ئىشرەتلىرىنى تاشلاپ، ماگادخا (Magadha) مەملىكىتىگە بېرىپ تەلىم ئالغان ۋە ئالتە يىللىق راھىب-دەرۋىشلىك ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 35 يېشىدا بۇددا تەلىماتى ياراتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 45 يىل ۋاقىت ئىچىدە ماگادخا، كوسالا ۋە گانگ ۋادىسىدا بۇددىزمنى تەرغىب قىلغان.

لۇي جىن ئۆزىنىڭ «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 12-بېتىدە (شائخەي خەلق نەشرىياتى 1979-يىل نەشرى): «سىددخارتخا ئېتنىك جەھەتتىن ئارىيان-ساك ئىدى. ئۇنى ھەتتا موڭغۇلوئىد نەسلىگە تەئەللۇق دېگۈچىلەرمۇ بولغان» دەيدۇ. بەزىلەر



8-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان كىچىك ساپال ھەيكەل

«ساكيامۇنى» (ساكلارنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتالدى دەپمۇ يازىدۇ. پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 68- ۋە 76-بەتلىرىدە بۇددىزمنىڭ نېگىزلىك تەلىمات-ئەقىدىلىرى ، سىددخارتخا (ساكيامۇنى) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى زور ۋەقەلەر، بۇددىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن ئۇدۇن تەۋەسىگە تارقىلىشى توغرىسىدا «دىن لۇغىتى» ، لۇي جىننىڭ «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى» ، خاتانى لياۋدايىنىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ، ئى. ئا. كرىۋىلۆۋنىڭ 1976-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «دىن تارىخى» ، ئېلىمىز بۇددا ئۆلىماسى فاشيەننىڭ «بۇددا يۇرتىغا زىيارەتنامە» سى، ياپونىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى خانىداتورو (يۈي تيەنخىڭ) نىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىل خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ كەلتۈرگەن نەقىللىرى ۋە قىسقىچە يەكۈنلىرىنى ئېنىق ئىخچاملىغان، ئۆزلەشتۈرگەن تەرزدە بايان قىلىپ ئۆتىمىز: بۇددىزمنىڭ نېگىزلىك تەلىماتى «تۆت ئالىي بەرھەق» : رېئال دۇنيانىڭ ئازابلىق بولىدىغانلىقى بەرھەق، ئازابنىڭ 12 سەۋەبتىن بولىدىغانلىقى بەرھەق، ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى بەرھەق، ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى بەرھەق، دېگەندىن ئىبارەت.



9-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان كىچىك ساپال ھەيكەل

بۇددىزمنىڭ «12 سەۋەب» ئەقىدىسى - ئىپتىدائىي بۇددا دىنى تەلىماتىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بولۇپ، ئۇ، بۇددىزمنىڭ زامانىنى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆتكۈ» (ئۈچ ئالەمشىش) گە بۆلۈپ قارايدىغان نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى ئىدى. بۇددا تەلىماتىدا كىشىنىڭ ھاياتلىق ھادىسىسىنى 12 سەۋەبكە باغلاپ

مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى ھەر بىر ھالقىلاردا زۆرۈر شەرتلەر بار دەپ قارالغان. 12 سەۋەبنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا سەۋەبىيات ھالقىسى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ھەر بىر تارماق ئارىسىدا تەرتىپ بويىچە بىر جۈپ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆتكۈ» (ئۈچ ئالەمشىش) بىلەن ماسلىشىدۇ. بۇددا دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى 12 سەۋەبنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۈچ ئۆتكۈ دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ باقىي ئالەمگە بېرىش بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا «سانسارا» (Sansara - ئۆلۈپ تۇغۇلۇشنىڭ دەۋر قىلىشى) ئەقىدىسىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇددىزم كىشىلەرنىڭ ئازاب دۇنياسىدىن پەقەت نىرۋانا (Nirvana) دۇنياسىدىلا قۇتۇلۇشى مۇمكىنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. نىرۋانا ئاتالغۇسى سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىدا «ئۆچمەك» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ، ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئارزۇ-ھەۋەستىن مەھرۇم بولۇشىنى، ئاڭنىڭ يوقىلىشىنى، پانىي دۇنيا خىياللىرىنىڭ يوقىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ئارخاتلىق يولى - ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ نىرۋاناچە نىجادىيەت يولى دېيىلىدۇ.

بۇددىزم نىرۋاناغا ئېرىشىش يولىدا ئارخاتلىق ماقامىغا يېتىشنىڭ ئەخلاقىي شەرتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قاراشنىڭ دۇرۇسلۇقى، نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى، سۆزنىڭ دۇرۇسلۇقى، ھەرىكەتنىڭ دۇرۇسلۇقى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقى، تىرىشچانلىقنىڭ دۇرۇسلۇقى، پىكىر قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى، روھنى يىغىنچاقلاشنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن ئىبارەت.

ئومۇمەن، بۇددىزم پۈتۈنلەي تەركىدۇنياچىلىق روھىدا رېئال دۇنيانى «چەكسىز ئازاب» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سەلبىي باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېتىرا بىلدۈرۈپ، ئىنسانىيەتكە ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق نىجادىنى ئىزدەش ئاساسىدا ئۆز تەلىماتىنى تۈزگەن.



10-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددىزمغا ئائىت ھەيكەل، نەقىش پارچىلىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى راجاگرىھا (Rajagriha) شەھىرىگە يىغىلىپ، يېڭى بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسىنى مۇھاكىمە قىلىشقان.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن 100 يىل ئۆتۈپ بۇددا ئۆلىمالىرى ۋايسالى (Vaisali) شەھىرىگە توپلىنىپ، بۇددا قائىدە-تەلىماتلىرىنى داۋاملىق تولۇقلىغان. ئاسوكا دەۋرىگە يەتكەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىر) دە پاتالىبۇترا (Patalibutra) شەھىرىگە توپلاشقان بۇددا ئۆلىمالىرى «ترىپىتاكا» (تىرىپىتاكا - سانسكرىتچە «Tri—pitaka» بولۇپ، خەنزۇچە 三藏 (سەنزاڭ)، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئۈچ ئاغىلىغ نوم بىتىگ» دېيىلىدۇ) نى تۈزۈپ چىققان. كانىشكاخان كەشمىردە ئاچقان 4-قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ماھايانا بۇددىزمى رەسمىي ئۈستۈنلۈككە كۆتۈرۈلگەن. بۇددىزم ئۆزىنىڭ ئۇزاق دىن تارىخىدا كۆپ تارماقلىق، كۆپ ئېقىم-مەزھەبلىك، مۇرەككەپ زىددىيەتلىك پىكىر ئېقىمىغا ئايلانغان.

ياپونىيىلىك ئالىم خاتانى لىياۋداي: «ئاسوكاخان زامانىدا خوتەن دۆلىتى قۇرۇلغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 242-يىلى كەشمىردىن كەلگەن ۋىرۇجىنا ئاتلىق بۇددىست خوتەندە بۇددىزمنى تارقاتقان» دەيدۇ.

كوشان خانلىقىنىڭ خاقانى كانىشكاخان ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مىلادى 1-ئەسىردە كەشمىردە ئېچىلغان 4-نۆۋەتلىك بۇددا قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى بۇددىزم پائالىيەتلىرى بۇددىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان. بۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن بۇددىزمنى قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ئوڭايلاشتۇرۇلۇپ، تەركىدۇنياچىلىق، خىلۋەت جىلغا ۋە غارلاردا ئىستىقامەت قىلىش، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكتە قاتتىق تەقۋادار ولۇش قاتارلىقلار ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا يول ئېچىلغان.

4-قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيىدىن كېيىن بۇددىزمنى ئوبرازلاشتۇرۇش، سەنئەتلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىمۇ كېڭەيگەن. بۇددىزم ئەقىدىلىرى ئابستراكت نوم دەستۇرلىرى بىلەنمۇ، ئوبرازلىق بۇددا رەسىملىرى، ھەيكەللىرى، مۇزىكا-ئۇسۇللىرى بىلەنمۇ تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ ھال مەشھۇر كوشان-كۇسەن، ئۇدۇن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلگىرىكى بىر قاتار ئىلاھلار، ئارخاتلار، بۇتساتۋالارنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، باشقا خەلقلەر تېۋىنىدىغان مۇئەككەللەرگە بۇددىزم تۈسىنى بەرگەن. نەتىجىدە كۆپ بۇتلۇق، ئىرقىي ۋە تەبىقە چەكلىمىلىرىدىن تېخىمۇ ئازاد بولغان بۇددىزم مەيدانغا كەلگەن.

ئۇدۇن كەشمىرگە يېقىن بولغانلىقى، ئۇدۇن بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ كەشمىردە ئېچىلغان 4-قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشى تۈپەيلى، ئۇ، بۇددىزم ماھايانا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. بۇ ھەقتە خاتانى لىياۋداي: «خوتەن ئەسلى يىپەك مەملىكىتى، ماھايانا مەزھىبى مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ‹ماھاچىن› (ئۇلۇغ چىن، ئۇلۇغ يىپەك ئىلى) دەپ ئاتالغان» دەيدۇ. ئۇدۇن ھەقىقەتەن بۇددىزم ماھايانا مەزھىبىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. 5-ئەسىردە (مىلادى 401-يىلى) ئۇدۇنغا كەلگەن بۇددا ئۆلىماسى فاشيەن ئۇدۇندىكى ھەشەمەتلىك گوماتى (Gomati) بۇتخانىسىغا چۈشۈپ، ئۈچ ئاي قونالغۇدا بولۇپ، ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇت سەيلىسى (بۇت يۆتكەش بايرىمى) نى كۆرگەن. ئۇ، «بۇددا يۇرتىغا زىيارەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئۇدۇننىڭ تەنتەنىلىك بۇت سەيلىسى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ: «4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدىكەن. كوچا-كويلار ھەيۋەتلىك بېزەكلەر بىلەن ياسىلىدىكەن. شەھەر قوۋۇقى ئۈستىگە دەرپەردىلەر ئېسىلىدىكەن. ھەممە نەرسىلەر پۇختا زىننەتلەش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. خان، خانىش ۋە كېنىزەكلەر شۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن. گوماتى بۇتخانىسىنىڭ راھىبى ماھايانا مەزھىبىدە بولغانلىقتىن، خان ئۇنىڭ بەك ھۆرمىتىنى قىلىدىكەن. شۇڭا ئالدى بىلەن مۇشۇ بۇتخانىنىڭ ‹بۇت يۆتكەش ھارۋىسى› ماڭىدىكەن. شەھەردىن ئۈچ-تۆت چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تۆت چاقلىق بۇت ھارۋىسى ياسىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ غۇلاچ (12 گەز) بولۇپ، بەئەينى بىر سارايىنى كۆچۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى يەتتە خىل گۆھەر بىلەن ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزىلىدىكەن. شايى توغ-ئەلەم ۋە كۈنلۈك ئېسىلىدىكەن. بۇت ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن. ئىككى بۇتساتۋا ئۇنى قوغداپ تۇرىدىكەن. ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان قورچاق پەرىشتىلەر، كۆتكۈچىلەر ئەتراپىغا ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. بۇت ھارۋىسى شەھەر قوۋۇقىغا 100 قەدەمچە قالغاندا، خان تاجىسىنى ئېلىپ، يېڭى تون كىيىپ، گۈلدەستىلەرنى ئېلىپ، كۆجە (ئېرىق) كۆيدۈرۈپ، يالىڭاياغ مېڭىپ، شەھەرنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ بۇتنى قارشى ئالىدىكەن. بېشىنى بۇتنىڭ پۇتىغا قويۇپ كۆجە كۆيدۈرۈپ، گۈل چاچىدىكەن. بۇت ھارۋىسى شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە راۋاقتا تۇرغان خانىش ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى گۈللەر چېچىپ، ئارقا-ئارقىدىن تۆۋەنگە چۈشىدىكەن. ھارۋىلار شۇنداق گۈزەل، ھەيۋەتلىكى بىلەن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. بىر ساڭرام بىر كۈن بۇت سەيلىسى قىلىدىكەن. سەيلە 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە داۋاملىشىدىكەن. بۇت سەيلىسى ئاياقلاشقاندىن كېيىن خان ۋە خانىشلار ئوردىسىغا قايتىدىكەن.»

فاشيەن ئۇدۇن خان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كاتتا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان: «ئۇلارنىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىن يەتتە-سەككىز چاقىرىم كېلىدىغان يەردە ‹ۋاڭشىن› ئىبادەتخانىسى دەيدىغان بىر ساڭرام بار ئىكەن، ئۇنىڭ سېلىنغىنىغا 80 يىل بوپتۇ. ئۈچ خاننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن پۈتۈپتۇ. ئېگىزلىكى 25 غۇلاچ كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن بېزەپتۇ. ئۇ نۇرغۇن جاۋاھىرلار بىلەن پۈتكەنىكەن. مۇنارنىڭ ئارقىسىدا بۇرھانلار سارىيى بار بولۇپ، ئۇمۇ ھەشەمەتلىك ۋە زىننەتلىك سېلىنىپتۇ. ئۇنىڭ لىم، تۈۋرۈك، ئىشىك-دېرىزلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن قەغەزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئايرىم سېلىنغان راھىب ھۇجرىلىرىمۇ كاتتا زىننەتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بېزەلىنىشىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن. كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى ئالتە دۆلەتنىڭ خانلىرىمۇ ئۇنىڭغا قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەدىيە قىلىشقان بولۇپ، ئاز ساندىكىسىنىلا ئادەملەر ئىشلەتكەن». دەر ھەقىقەت، ئەنە شۇنداق ھەشەمەتلىك بۇددا سەيلىسى ھەققىدە بۇنىڭدىن باشقا «تارىخىي خاتىرە» بولمىسا كېرەك.

ئۇدۇننىڭ مەشھۇر بۇددىستلىرى، بۇددا ئۆلىمالىرى ماھايانا مەزھىبىگە ئائىت كۆپلىگەن نوم-سوترىلارنى تەرجىمە ۋە تەفسىر قىلغانلىقى، ئۆزلىرىگە خاس بۇددا ئەسەرلىرى يازغانلىقى توغرىسىدا ئاتاقلىق ئالىم، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى خانىدا تورو ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە نەشرى، 65-بەت) دېگەن ئەسىرىدە: «شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بۇددا دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا كۆپلىگەن يەرلىك دىنىي ئىدىيىلەر ئۇنىڭغا سىڭدۇرۇلگەچكە، ئەسلىدىكى بۇددىزم ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغانمۇ، يوق. . . ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ھاياتى قاتارلىق ئەسەرلەردە ئەسلىدىكى سانسكرىت نۇسخىسىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان مەزمۇنلارنىڭ قوشۇلغانلىقى بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ يازىدۇ. بۇددىزمنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرىدىن «ترىپىتاكا Tri - pitaka» (ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگ)، «ساكيامۇن جاتاكا» (ساكيامۇنىنىڭ يارالمىش قىسسىلىرى)، ئاسۋاگوشا ئەسەرلىرى، ناگارچۇنانىڭ «ئوتتۇرا تەلىمات»، «12 قىسىملىق تەلىمات»، ئارىيا دىۋانىڭ «100 تەلىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى قەدىمكى ئۇدۇن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشتىن تاشقىرى كاتتا بۇتخانىلاردىكى ئاتاقلىق راھىبلار بۇددا دەستۇرلىرىنى مەخسۇس تەھلىل-تەفسىر قىلىپ، كىتابلارنى يېزىپ، ماھايانا دەستۇرلىرىنى كۆپەيتكەن. «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى لۈي جىن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خوتەندىن تېپىلغان 50 نۇسخىدىن ئارتۇق ماھايانا دەستۇرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ ھىندىستاندا ھېچقانداق سانسكرىتچە نۇسخىسى يوق ئىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەينى زاماندا كۇسەندە بۇددىزم گۈزەل سەنئەت ۋە ئوبرازلىق شەكىلدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، ئۇدۇندا بۇددىزم ئىلاھىيەت شەكلىدە، ئابستراكت مۇھاكىمىلىق ۋە تەرجىمە-شەرھشۇناسلىق تەرزىدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەندەك تۇرىدۇ.

بۇددا ئېلى ئۇدۇن «كىچىك ئەنەتكەك» دەپ نام ئالغان بولۇپ، كۆپلىگەن بۇددا نوم-بىتىكلىرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈزۈلمەي تارقىلىپ كىرگەن ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان بۇددا نوملىرى ماھايانا تەلىماتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنى ياپونىيىلىك ئالىم خاتانى لياۋداي ئۆز ئەسىرىدە ئىزدىنىپ رەتلىگەن تىزىملىكى بويىچە ئېلان قىلغان.

. .

ئۇدۇننىڭ تەرجىمە ئۇستازلىرى سانسكرىت تىلى، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناسلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مول تىل بىلىملىرى ۋە بۇدداشۇناسلىق جەھەتتىكى كامالەتكە يەتكەن بىلىمى، ئۇدۇندا بۇددا دىنى، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇدۇننىڭ ئىچكىرى رايونلار بىلەن بولغان بۇددىزم ئىلمىنى ئالماشتۇرۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

«مىلادى 8-ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئۇدۇن راھىبى سىكسانانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر تەرىپىدىن ئىككى قېتىم نوم تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. سىكسانانىدانىڭ مەنىسى ‹ئۆگىنىش خۇمارى› دېگەنلىك بولۇپ، ‹كالاملار تەزكىرىسى› دە ئۇنى ئەقىل-پاراستى تىرەن، خىسلىتى ئۆزگىچە، ماھايانا ۋە ھىنايانا تەلىماتىغا ماھىر، باشقا ئىلىم-ھېكمەتلەرنىمۇ بىلىدۇ، دەپ تەرىپلىگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇدۇندىن چىققان كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ، كۆپلىگەن نوم-سۇترالارنى ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپارغان ۋە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. ۋۇزېتيەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا، بۇددا دىنىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان بولۇپ، ‹بۇددا ۋاتام ساكا ماھاۋايپۇليا سۇترا› نىڭ تولۇق ئەمەسلىكىدىن، ئۇدۇندا سانسكرىتچە تولۇق نۇسخىسىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەلچى ئەۋەتكەن ۋە تەرجىمە قىلىشقا ئۇستا تىلماچ ئىزدىگەن. سىكسانانىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىللە لوياڭغا كەلگەن. .» (لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 256-بەتكە قاراڭ).

بۇددا دىنى ئۇدۇن تەۋەسىگە تارقالغاندىن تارتىپ بىر قانچە ئەۋلاد ئۇدۇن خانلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلىشى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ روناق تېپىشىغا ياخشى شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭا ئۇدۇن پادىشاھلىرىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، باشقۇرۇشى ئارقىسىدا ئۇدۇن زېمىنىدا ئالەمگە مەشھۇر نۇرغۇنلىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ مەشھۇر بۇتخانىلار ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن جايى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر قايسى ئەللەر راھىبلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان، بۇددا تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىدىغان، بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرىدىغان مۇقەددەس جايىغىمۇ ئايلانغان.

بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن مەزمۇنلار ۋە بۇددا ئۆلىماسى فاشيەننىڭ ئۇدۇندىكى تەنتەنىلىك «بۇت سەيلىسى» جەريانى توغرىسىدا ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدىن بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن زېمىنىدا دۆلەت دىنى بولغانلىقىنى، «بۇت سەيلىسى» گە ئوخشاش تەنتەنىلىك ۋە ھەشەمەتلىك دىنىي پائالىيەتلەردە ئۇدۇن دۆلىتى بويىچە نۇرغۇنلىغان راھىب-راھىبەلەر، پۇقرالارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن بۇ خىل تەنتەنىلىك سەيلىگە ھېسابسىز چىقىم قىلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

فاشيەن تىلغا ئالغان «ۋاڭشىن» بۇتخانىسى بىلەن شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان «سومورۇ» بۇتخانىسى ئەسلىدە بىر بولۇپ، ئۇ ھەر خىل تىللاردا بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچا يېزا تەۋەسىدە يۇقىرىقى سومىيا ۋە تۆۋەنكى سومىيا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى كەنت بار. مىلادى 644-يىللىرى ئەتراپىدا مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭ ئۇدۇنغا كەلگەندە بۇ جايدا «سومورۇ» دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا بۇتخانىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلغان. خوتەن شىۋىسىدە «ر» تاۋۇشى «ي» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا سومورۇ كېيىنچە «سومويا» ۋە «سومىيا» غا ئۆزگەرگەنلىكى ئېنىق.

مەشھۇر ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستېين ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

«قەدىمكى خوتەن - Ancientkhotan» دېگەن ئەسىرىدە: ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچا يېزىسى ئەللامە كەنتى تەۋەسىدىكى «يوتقان» خارابىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان سومىيا كەنتى دائىرىسىدىن قەدىمكى بۇتخانە خارابىسىنى ئۇچراتقانلىقىنى بايان قىلغان.

فاشيەن «ۋاڭشىن» ئىبادەتخانىسى، شۈەنزاڭ «سومۇرۇ» ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىغان بۇ كاتتا ئىبادەتخانە - فاشيەننىڭ خوتەندە تۇرغان ۋاقتىدىن 80 يىل بۇرۇن سېلىنغان بولۇپ، فاشيەننىڭ خاتىرىسىدە دېيىلگىنى بويىچە ھېسابلىغاندا بۇ ئىبادەتخانا تەخمىنەن مىلادى 322-يىللىرىدىن بۇرۇن پادىشاھ ۋىجايا ۋىچرا Vijaya Viqra نىڭ يارلىقى بويىچە ياسالغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

فاشيەن ئەينى زاماندىكى ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ ئەھۋالىنى تەرىپلەپ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «بۇ دۆلەت ناھايىتى باي-پاراۋان، خەلقى باياشات، پۇقرالىرى قانۇن (بۇددا قانۇنى) غا ئىتائەت قىلىدۇ. قانۇن تەنتەنىسى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش ئادەتكە ئايلانغانىكەن. راھىبلىرى تۈمەنمىڭ بولۇپ، ماھايانا مەزھىبىدە ئىكەن. بۇ ئەلدىكى ئاھالە بۇددىزمغا سادىق بولغاچقا، ھەممە ئائىلىلەر ئىشىك ئالدىغا كىچىك مۇنار ياسىۋالىدىكەن. بۇ مۇنارلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ ئەتراپىدا كېلىدىكەن. پۇقرالار راھىبلارنى باقىدىكەن... راھىبلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا 〈گۇماتى〉 بولۇپ، ماھايانا مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەن. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق راھىب ئىبادەتخانىغا تىزىلىپ كىرىپ، دىنىي قائىدە بويىچە ئۈن-تىنسىز سۈكۈتتە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىكەن. 4-ئاي مەزگىلىدە دۆلەتتىكى 14 چوڭ ئىبادەتخانا دۇئاكويلار بىلەن قىزىپ كېتىدىكەن. كىچىك بۇتخانىلار سانسىز ئىكەن. مېھمان بولۇپ كەلگەن راھىبلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن تۆت چاسا شەكىلدىكى راھىبلار خانىلىرى بولۇپ، سىرتتىن كەلگەنلەر مۇشۇ خانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. گۇماتى ئىبادەتخانىسىدا پادىشاھ ئەتىۋارلايدىغان، ئوردا مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئۈچ مىڭ راھىب بار ئىكەن». فاشيەن گۇماتى ئىبادەتخانىسىدىكى ئاشخانىنىڭ ئەھۋالىنى تەرىپلەپ: «بۇ ئىبادەتخانىدا ئۈچ مىڭ راھىب قوڭغۇراققا قاراپ تاماق يەيدىكەن. ئاشخانىغا ئەدەب بىلەن كىرىپ، ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرىدىكەن. تاماق توشۇغۇچىلار، غىزالىنىدىغانلارمۇ ھەممىسى جىمجىت بولۇپ، ھەتتا قاچا-قۇچىلارنىڭ ئاۋازىنىمۇ چىقارمايدىكەن...» دەيدۇ (خاتانى لياۋداي: «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، 1956-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-باب، «بۇددىزمنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىشى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

تىبەتچە «ئۇدۇننىڭ بۇددىزم تارىخى» دا: «گوسىركا (نيۇتۇشەن - 牛头山)، گۇماتى ئىبادەتخانىسى، گۆڭباڭ زاما، جودىر، دامادى، سالدى، گويجۇڭ قاتارلىق جايلاردا بۇتخانىلاردىن خىسلەتلىكلىرى 333 ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. (لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 147-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ).

ئاۋرېل ستېين «گۇماتى» ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ دېسىمۇ، لېكىن S. Levi نىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن: «گۇماتى (ياكى گۇمات) قاراقاش دەرياسىنىڭ كونا نامى بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى تەخمىنەن مەزكۇر دەريانىڭ شەرقىدىكى ئېگىزلىك 〈كوھمارىم〉 (ئىلانلىق تاغ) بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ بۇ تاغدا تاش ئۆيلەر ساقلانماقتا» دەيدۇ («غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» دېگەن كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

## • ئۇدۇن بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ خوتەن خەلقى ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى ئادەتلىرى توغرىسىدا

مىلادى 980-يىللاردىن تارتىپ ئۇدۇنلۇقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇددا ئېتىقادى ۋە «بۇت سەيلىسى» قاتارلىقلار قاتتىق چەكلەندى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇدۇن خەلقى ئۆزلىرى مىڭ يىل ئۆپچۆرىسىدە ئېتىقاد قىلغان بۇددا ئېتىقادىدىن ۋاز كېچەلمەي، بۇددا دىنىغا يوشۇرۇنچە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتنى خېلى زامانلارغىچە داۋاملاشتۇردى. بۇ ھەقتە رەجەپ يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزمى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا: «ھازىرغا قەدەر خوتەن خەلقى ئىچىدە، ھەر يىلى 4-ئايدا باشلىنىدىغان سەيلىلەر ئەسلىدە بۇددا دىنىدىن قالغان كونا سەيلىلەرنىڭ ئەنئەنىسىدىن بولۇشى مۇمكىن. ھەر يىلى ئەتىيازدا لوپ، خوتەن، قاراقاش، چىرا، كېرىيە قاتارلىق بەش ناھىيە خەلقى قاتنىشىدىغان لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىي قۇملۇقىدىكى 〈ئىمامى ئاسىم سەيلىسى〉 (ئۇدۇن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام قوشۇنلىرى جەڭ قىلغان جەڭگاھ)، قاراقاش ناھىيىسىدىكى 〈خوجا پاقلان خوجا〉، 〈سېكىلەك پادىشاھىم〉 سەيلىسى؛ گۇما ناھىيە نىشاندا يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى 〈غازا خوجا〉 مازىرى سەيلىسى؛ چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزىسىنىڭ شىمالىي قۇملۇق ئىچىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزى 〈لىچىن ئاتا〉، 〈چولپان ئاتا〉 مازار سەيلىلىرى؛ كېرىيە ناھىيىسىدىكى 〈تەڭگە قولاق〉 سەيلىسى ۋە 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىنىڭ جەنۇبى، قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 〈كوھمارىم〉 (ئىلانلىق تاغ)، 〈سەھمارىم〉 (سەھۋالىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سەيلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرغىچىلىك ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى يۇقىرىدىكى پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. 〈كوھمارىم〉، 〈سەھمارىم〉 سەيلىلىرىنىڭ ۋاقتى جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئورۇنلاردىكى سەيلىلەر ۋاقىت ۋە ئورۇن جەھەتتىن ئۆزگەرمەي، ئەسلىدىكى قەدىمكى بۇتخانە، ئىبادەتخانە خارابە ئىزلىرى ئەتراپىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ سەيلىلەر دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن گەرچە يېڭى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كونا دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ داۋامى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ» دەپ يازىدۇ (رەجەپ يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985-يىل 1-سان، ئۇيغۇرچە، 156-بەت).

مىلادى 518-يىللىرى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شېنگۇي 1-يىلى) ئۇدۇنغا كەلگەن

راھىب خوي شىاڭ يازغان «لوياڭ ئىبادەتخانە خاتىرىلىرى» نىڭ 5-بابىدا ئۇدۇننىڭ دەپنە يوسۇنلىرى توغرىسىدا: «ئۆلگۈچىنىڭ جەستى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى دەپنە قىلىنىدۇ. خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن جەسەت كۈلى كۆمۈلگەن يەرگە بۇت تىكلىنىدۇ. ھازىدارلار ماتەم تۇتقاندا چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلايدۇ. ئادەتتە بولسا، ئۆلارنىڭ چاچلىرى بەش سۇڭ كېلىدۇ. پەقەت پادىشاھنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلمەي تاۋۇتقا سېلىنىپ، يىراق دالاغا دەپنە قىلىنىدۇ. ھەممىشە ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن قەبرىسى يېنىغا بۇتخانە سېلىنىدۇ...» دېيىلگەن.

1964-يىلى 9-ئايدا خوتەن ناھىيە بوزاق يېزىسىدىكى «ئىمامى مۇساكازىم مازىرى» ئەتراپىدىن تاۋۇتقا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان بۇددىستلارنىڭ جەستى تېپىلغان. تاۋۇت سېرىق سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىپ، كىرىشلىرى يۇلغۇن مىخ بىلەن مىخلانغان. تاۋۇتنىڭ سىرتىغا يولۋاسنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن. تاۋۇتقا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغانلار ئىچىدە 12 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاقنىڭ جەستى بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان.

1983-، 1984-يىللىرى بۇ مازاردىن يەنە ئايرىم-ئايرىم تاۋۇتقا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان 2 ئايال ۋە بىر قىزنىڭ جەستى تېپىلغان. مىلادى 6-، 7-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارىلىۋاتقان رەڭلىك تاۋۇتلارنىڭ بىرىگە دەپنە قىلىنغان 2 نەپەر ئايال مېيىت ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك يىپەك رەختكە ئورالغان بولۇپ، بېشىغا كىچىك ياستۇق قويۇلغان، يۈزىگە ئاق شايى ياغلىق يېپىلىپ، ياغلىقىقا تەڭگە پۇل چوڭلۇقىدىكى ئالتۇن ياپراقلىرى چاپلانغان. بۇ ئايال مېيىتلارنىڭ ياش قورامى 35 ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، راھىبە بولۇش ۋاقتىدا چۈشۈرۈلگەن ئەسلىدىكى ئۆرۈمە چاچلىرى يېنىغا قويۇپ ھەمدەپنە قىلىنغان.

خان ئائىلىسىدىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ جەستى سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان ساندۇق دەپ قارىلىۋاتقان يەنە بىر رەڭلىك ساندۇققا دەپنە قىلىنغان ئايال جەستىمۇ ئاق شايى رەخت بىلەن ئورىلىپ، يۈزىگە شايى ياغلىق يېپىلغان. ئۇ ياغلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇدۇن يېزىقى، سول تەرىپىگە خەنزۇچە 10 خەت قارا سىيا بىلەن يېزىلغان: «夫人信附男宰相李枉昱». مەنىسى: «ھەممە ئادەم قايىل بولىدىغان ئەر باش ۋەزىر لى ۋاڭئېر». بۇ ئەھۋال بىزگە: ئۇدۇن ۋىجايا (ۋىسارا) پادىشاھ ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇتەزىيە يوپۇقىنىڭ مەزمۇنى بۇ ئايالنىڭ ئۇدۇن پادىشاھ پۇشتىدىن بولغان راھىبە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. رەڭلىك ساندۇقلارنىڭ تۆت تەرىپىگە قوڭۇر ۋە قارا سىزىق بىلەن كۆك ئەجدىھا، ئاق يولۋاس، قىزىل قۇش، تۆت تەرەپ ھامىي ئىلاھى بولغان ئىلاھىي قۇش رەسمى سىزىلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە بىر جۈپ ئۆردەكنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن.

«ئىمام مۇساكازىم مازىرى» نىڭ شەيخى نۇرمۇھەممەد قارىم ئارخېئولوگىيە خادىملىرىغا: «مەن بۇ مازارغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەيخلىق قىلىۋاتىمەن. مەندىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ كۆرگەنلىرى ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. بۇرۇندىن تارتىپ بۇ يەردە گۆر ۋە شامگۆر كولاش جەريانىدا ئىچىگە جەسەت كۈلى قاچىلانغان كوزا كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز ئۇلارنى ئۆز جايىغا كۆمۈۋېتتۇق. بۇ مازار ئەتراپىدىن يەر ئېچىش، يەر مەيدانلاشتۇرۇش، لاي ئېقىتىش جەريانىدا جەسەت ساندۇقلىرىمۇ ئېچىلىپ قالدى...» دېگەن.

1980-يىلى 9-ئايدا خوتەن ناھىيە لاڭرو يېزا تەۋەسىدىكى «پىششىق تاش» مازىرىنىڭ يېنىدىن ئۆستەڭ قازغاندا، دېھقانلار جەسەت كۈلى قاچىلانغان 3 دانە كومزەك ئۇچراتقان. خوتەن ناھىيە توساللا يېزىسى تەۋەسىدىكى «خال-خال ماچىن شەھىرى»، لايقا يېزىسىدىكى ئورۇقچىلىق مەيدانى ئەتراپىدىكى «داكۇي» قەدىمكى ئىزى، بوزاق يېزىسى تەۋەسىدىكى «گۆرجاي (گۆجۇنە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شېھىدلىك»، گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسى تەۋەسىدىكى «ھاسا» خارابىسى، چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزىسىنىڭ شىمالىي قۇملۇقىدىكى «ئۇزۇن تېتى»، كېرىيە ناھىيىسىدىكى «كۆكچىنىڭ شەھىرى» خارابىسى قاتارلىق ئاسار-ئەتىقە ئورۇنلىرىدىن يەر ئېچىش، ئۆستەڭ چېپىش، لاي ئېقىتىش جەريانىدا جەسەت كۈلى قاچىلانغان كومزەكلەر تېپىلغان. ھازىر بىر قىسىم جەسەت كۈلى قاچىلانغان كومزەكلەر خوتەن ۋىلايەتلىك تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.


يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، مىڭ يىللارغىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇدۇن خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ مېيىتلىرىنى بۇددىزم دەۋرىدە ئۆلگەن ئاتا بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇددىزم دەۋرىدىكى تاۋۇت - ساندۇقلارغا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغانلار، جەسەت كۈلى (شارىرا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شارىرا - بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچە[Sarira] دېيىلىدۇ. ئۇ «جەسەت ياكى جەسەت كۈلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنىنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۈلى ئۇنچىسىمان نەرسىگە ئايلانغانمىش. كېيىنكى چاغلاردا يۇقىرى پەزىلەتلىك راھىبلارنىڭ جەسەتلىرى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەسەت كۈللىرىمۇ «شارىرا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئېيتىلىشىچە، «شارىرا» ئۈچ خىل رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكى سۆڭەك شارىرى (كۈلى)، قارا رەڭلىكى چاچ شارىرى (كۈلى)، قىزىل رەڭلىكى گۆش شارىرى (كۈلى) دېيىلىدىكەن) كومزەكلەرگە قاچىلانغانلار قەبرىستانلىقلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ قەبرىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ھازىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مازار - قەبرىستانلىقلىرىدىن قەدىمكى بۇددا دىنى دەپنە يوسۇنلىرى بويىچە دەپنە قىلىنغان قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار جەسەتلىرىنىڭ چىقىشىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ (يۇقىرىدىكى بايانلار رەجەپ

يۇسۇپنىڭ «قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزمى» دېگەن ماقالىسىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلار ئاساسىدا تەييارلاندى - ئا).

بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇندا زاۋاللىققا يۈز تۇتقىنىغا گەرچە مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن دىيارىدا ساقلىنىپ قالغان ئۇدۇننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى - بۇددا ئىبادەتخانە بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى - ئۇدۇندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز-نىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل مىراسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.

## ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ئائىت ئاسار-ئەتىقە ئورۇنلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار

ھەر قايسى ئەللەر ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدە قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى - بۇددا ئىبادەتخانە بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىق، ئويما - نەققاشچىلىق، بەدىئىي سەنئەت - رەسىمچىلىك جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئەينى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرگىچە ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرگەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.



11-سۈرەت: يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان كىچىك ساپال ھەيكەلنىڭ ئالدى-ئارقىسى

بۇددىزم تارىخى، بۇددىزم مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تەتقىقاتچى، ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇدۇن دۆلىتىدە باشلانغان كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىش دولقۇنى كاشغەر (بارچۇق)، كۇچا، ئاگنىي (قاراشەھەر)، تۇرپان، قۇمۇل، دۇنخۇاڭ، چاڭئەن، لوياڭ ۋە جەنۇبىي جۇڭگو، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تاكى كورىيە، ياپونىيە، كامبودژا، لائوس ۋە تەيلاندتىكى قوشنا ئەللەرگىچە پەيدىنپەي تارقالغانلىقى، بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا خاتىمە بېرىلگەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يېڭى بۇرۇلۇشلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان.

ئۇدۇندىكى سومورو (سومىرو - ۋاڭشىن)، گوماتى قاتارلىق كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ئىبادەتخانە ئەنجاملىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى، تام - تورۇس ۋە مەخسۇس خانىلارغا سىزىلغان ئاجايىپ بەدىئىي، تەسۋىرىي رەسىملەر، رەسىملەردىكى ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارەت، نەپىس رەسىملەرگە ئىشلىتىلگەن ھەر خىل رەڭلەر، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خىلمۇ خىل ئوبرازدىكى بۇت - ھەيكەللەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. قىسقىسى، ئۇدۇندىكى چوڭ - كىچىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھۇجرىلىرى ۋە تام ئەنجاملىرىدا ئىپادىلەنگەن كۆركەم تەسۋىرىي رەسىملەر بۇ جايلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ گۈزەل سەنئەت سارىيىغا ئايلاندۇرغانىدى.

شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇدۇن سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇدۇندا ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشكەن. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۇدۇن بۇددا مەدەنىيەت - سەنئىتى تازا گۈللەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىش دولقۇنلىرىدا غەرق بولدى...

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يارىتىلغان بۇددىزم مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى - كۆزنى چاقنىتىدىغان ئېسىل يادىكارلىقلىرىنى قۇمغا كۆمۈلگەن بۇددا خارابىلىرىدىن ئىزدەپ تېپىش ئىشلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

چەت ئەللىك مەشھۇر ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تارىم ۋادىسى جۈملىدىن خوتەن رايونىدا قۇمغا كۆمۈلگەن بۇددىزم دەۋرىدىكى خارابىلارنى كەينى - كەينىدىن قېزىپ تەكشۈرۈپ، ئۇ جايلاردىن نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاۋرېل ستېيىن، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن قاتارلىق ئارخېئولوگلارنىڭ قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقلىرى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئاۋرېل ستېيىن چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇققا كۆمۈلگەن دەندان ئۆيلۈك بۇددا خارابىسى، لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن «راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى» ۋە خوتەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «يوتقان» قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن قولغا چۈشۈرگەن ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېسىل يادىكارلىقلارنى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خوتەن» (ئوكسفورد، 1907 - يىلى)، «سېرىندىيا» (ئوكسفورد، 1921 - يىلى نەشر قىلىنغان) قاتارلىق

ئەسەرلىرىدە سۈرەتلەر بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدى.

تۆۋەندە بىز ئاۋرېل ستېيىن نۇقتىلىق قېزىپ تەكشۈرگەن بىر قانچە خارابە ۋە ئۇ جايلاردىن تېپىلغان ئېسىل يادىكارلىقلارنى ئىخچاملاپ تونۇشتۇرىمىز:

## راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 50 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كولاكەسىم» دەپ ئاتىلىدىغان قۇملۇق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، خارابىنىڭ ئەتراپىنى تۇتاش كەتكەن پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ.

ئاۋرېل ستېيىننىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشى ۋە كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان ئەمەلىي ئەھۋاللار بويىچە قارىغاندا، راۋاق بۇددا مۇنارىنى مەركەز قىلغان ھالدا سېلىنغان بىر يۈرۈش ئىبادەتخانە ئىمارەتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىمارەت تۈپىنىڭ ئىچىدە ھويلا، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇملاق مۇنار ۋە ھويلا سىرتىدىكى بۇتخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانە خارابىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە غەربىي بۆلۈكىدا يوچۇقنىڭ ئورنى بار بولۇپ، ئۇ ئەينى زامانىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىبادەتخانە ھويلىسىنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 مېتىر، تام قالدۇقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئىبادەتخانە ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خام كېسەكتە مۇنار (ستۇپا) قوپۇرۇلغان. كۆپ يېرى ۋەيران بولغان بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى تۆت - بەش مېتىرچە كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئۇلى + شەكىللىك، گەۋدىسى يۇملاق (چىلەك شەكلىدە) بولۇپ، قالدۇقنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ - تۆت مېتىر، دىئامېتىرى 9.6 مېتىرچە كېلىدۇ.

ئىبادەتخانە ھويلا تېمىنىڭ تۆت ئەتراپى ۋە ئىچى - سىرتىدا لايدىن ياسالغان بۇت - ھەيكەللەر ۋە بوتساتۋالار رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. ھەيكەللەر ئەسلىدە تامغا چاپلانغان ھالەتتە ياسالغان بولۇپ، ئۇنى ئاۋۋال قومۇشلارنى بوغۇپ مەلۇم شەكىلگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاي چاپلىغان، ئاخىرىدا قىزىل سېغىزلاي بىلەن ئىنچىكە يەرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن چىقىرىپ، ئوبرازلىق ھەيكەل ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان ئەمەلىي ئەھۋاللار ۋە ھەيكەللەرنىڭ قالدۇقلىرى، ئىزنالىرىغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسىلاردا: ھەيكەللەرنىڭ ئەسلى ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىرچە بولۇپ، ھەر 60 - 70 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىردىن ھەيكەل ئورنىتىلغانىكەن. ھەيكەللەرگە ئەسلىدە ھەر خىل رەڭلەر بېرىلىپ بېزەكلەنگەن بولۇپ، ھازىر ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھەيكەللەر بويۇنلىرىنىڭ چۆرىسىگە بۇرمىسىمان نەقىش، نىلۇپەر گۈلى ۋە باشقا ھەر خىل گۈل - گىياھلار نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەنىكەن. ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان ئىبادەتخانە تاملىرىنىڭ ھەممىسىدە دېڭگۇدەك تېۋىنغۇچىلارنىڭ، بېكشۇلارنىڭ رەسىملىرى بار بولۇپ، چوڭ تىپتىكى بوت بوتساتۋالارنىڭ ھەيكەللىرىگە قەندىھار ئۇسلۇبىغا ئوخشايدىغان ئۇچىسىغا ئورنىتىلىدىغان (پۈركەنجە) كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بېزەكلىرى زىچ ۋە راۋان، بەزى ھەيكەللەرنىڭ نەقىشلەنگەن زىننەتلىك كىيىملىرى بار ئىكەن.

ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرى گەج بىلەن ئاقارتىلغان بولۇپ، بەزى تاملارنىڭ ئىچى تەرىپىدە قاتلاممۇ قاتلام تارىيىپ بارغان سىزىقچىلاردىن تەركىب تاپقان گۈمبەز شەكىللىك تەكچىلەر بار ئىكەن. تەكچىلەردىكى سىزىقلار تەكشى ۋە راۋان بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ تەكچىلەردە ئۆرە تۇرغان قىياپەتتىكى بۇتلار بار ئىكەن.

ئاۋرېل ستېيىن 1901 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە راۋاق بۇددا ئىبادەتخانە خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم قاپارتما نەقىشلىك كىچىك ھەيكەل، گەجدىن ياسالغان ھەر خىل نەقىش قېلىپلىرى، قېلىپتا قۇيۇپ تامغا چاپلىغان ھەر خىل بۇت ھەيكەللىرى ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى تاپقان. راۋاق ئىبادەتخانە خارابىسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، يۆتكەپ كەتكىلى بولمايدىغان 91 دانە چوڭ ھەيكەلنىڭ سۈرىتىنى تارتىۋالغان. 1906 - يىلى 9 - ئايدا ئاۋرېل ستېيىن راۋاق خارابىسىغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ تەكشۈرگەندە، ھەيكەللەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن.

«راۋاق» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ قەدىمكى ئىبادەتخانىنىڭ ئەسلى ئىسمى، ئۇنىڭ ياسالغان، گۈللەنگەن، خاراب بولغان مەزگىللىرىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. ئاۋرېل ستېيىن راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنى «مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى ياكى كېيىن سېلىنغان» دەپ قارايدىكەن.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىچىدىكى مۇنارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش قالدۇقلىرى، يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھەر خىل ھەيكەل، تام رەسىملەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ دەۋرى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا (بەزىلەر مىلادى 3 - 7 - ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر مىلادى 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، دەپ قارايدۇ). ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ دەۋرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا نۇقتىلىق، تەپسىلىي ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بىر قەدەر توغرا ۋە ئىلمىي يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

قەندىھار مەدەنىيەت - سەنئىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئالدىنقى مەزگىلگە تەۋە قەندىھار سەنئىتىنىڭ مىلادى 3 - ئەسىرگىچە داۋاملاشقانلىقىنى، ھەيكەلتىراشلىقتا ئاساسەن تاش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. مىلادى 3 - ئەسىردىن كېيىن، كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە قەندىھار سەنئىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇ، ئۆزى يارالغان زېمىندىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. كېيىنكى مەزگىلگە ئائىت قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى سەنئەتتە گەج، ھاك، سېغىز لاي قاتارلىقلار ماتېرىيال قىلىنىپ، بۇتساتۋالارنىڭ قاتار - قاتار تىزىلغان ھەيكەللىرى كۆپلەپ ياسالغان. ئۇدۇن سەنئەتكارلىرىمۇ گەج، ھاك، سېغىز لاي قاتارلىقلارنى ماتېرىيال قىلىپ، ھەر خىل قېلىپلارنى ياساپ، بۇددا،

www.uighurkitap.com

بۇتساتۋا ھەيكەللىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانە ئىمارەتلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بېزەكلىرىنى تۈركۈملەپ قويۇپ چىققان. ئاۋرېل ستېين راۋاقتىن تېپىلغان ھەيكەللەرنى رەتكە تىزغاندا، «قەندىھار ئۇسلۇبى بىر قەدەر گەۋدىلىك» دەپ قارىغان بۇتلارغا $R_1$، $R_5$، $R_9$، $R_{10}$، $R_{12}$، $R_{13}$، $R_{25}$، $R_{26}$ دەپ نومۇر قويغان. بۇ ھەيكەللەردە كىيىم فورمىسى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان قاپارتما سىزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ سىزىقلار كۆركەم ۋە تەبىئىي بولۇپ، بەدەننىڭ چوقچىيىپ تۇرىدىغان قىسمىدىن تەبىئىي تۆۋەنگە پەسلەپ، ئادەم بەدىنىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنىمۇ، كىيىمگە بولغان سۈپەت تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ بەرگەن. بەزى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك، ئىككى كۆزىنىڭ سەل - پەل يۇمۇلغانلىقى، قاڭشىرىنىڭ ماڭلىيىغا يەتكەنلىكى، چاچلىرىنىڭ بۇدرە (دولقۇنسىمان) لىكى قاتارلىق ئۆلچەملىك خۇسۇسىيەتلەر قەندىھار سەنئىتىدىكى خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر خوتەننىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان بۇت - ھەيكەللەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئاۋرېل ستېين چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا كۆمۈلگەن دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن بىر تۈركۈم بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئېسىل تام رەسىملىرىنى تاپقان.

«دەندان ئۆيلۈك» خارابىسىنىڭ تارىختىكى نامى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. خارابىنىڭ «دەندان ئۆيلۈك» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىنى ھەر خىل پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئومۇمەن خوتەن دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ خارابىنى دەسلەپ ئۇچراتقاندا، خارابىلىقتىكى ئۆي ئىزلىرىنى كۆرۈپ، «دانە - دانە ئۆي» دەپ ئاتىغان بولسا، كېيىنچە «دەندان ئۆي - دەندان ئۆيلۈك» بولۇپ ئۆزگەرگەنمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

ئاۋرېل ستېين $D_2$ دەپ نومۇر بەرگەن بۇددا ئىبادەتخانىسى ھۇجرىسىنىڭ تېمىغا سىزىلغان رەسىمدە، نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلغان كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان، بېلەك ۋە قول بېغىشلىرىغا بىلەيزۈككە ئوخشاش زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىغان، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە، سول قولىنى قورسىقىغا قويغان بىر گۈزەلنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كۆلچەكتە يەنە يالىڭاچ ھالەتتىكى ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ ۋە بىر ئۆردەكنىڭ رەسىممۇ بار ئىكەن. رەسىملەرنىڭ سىزىقلىرى، رەڭلىرى، ئەۋرىشىملىكى، نەپىس ۋە سىلىقلىقى خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت سەۋىيىسىگە يەتكەن. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ رەسىمنى بۇددا دىنىدىكى قۇتلۇق پەرىسىنىڭ ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدىكەن.

تەتقىقاتچىلارنىڭ دەلىللىشىچە، ئۇدۇننىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئىتى ئۆز ئالدىغا بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىپ، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولمىسۇن دۇنخۇاڭ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە يىراق شەرق ئەللىرىنىڭ گۈزەل سەنئىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇدۇن ئېقىمىدىكى گۈزەل سەنئەتنىڭ بىر خىل ئۇسلۇبى - ئادەملەرنىڭ بۇرنى بىلەن بۇرۇتىنى سىزىشتا ئالدى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سىزىپ، ئاندىن بۇرۇن ئۇقۇرىغا ئەگىتىلگەن سىزىقلار يۇقىرىقى لەۋ ئۈستى ئويمانچا پەللىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كالپۇكىغا تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ سىزىق بۇرۇن تۈشۈكى ۋە كىچىك بۇرۇتنى سىزغان ئىلمەك سىزىق بىلەن تامامەن ئايرىۋېتىلگەن. ئۇدۇنچە سىزىش ئۇسۇلىدا بىر سىزىق ئارقىلىق ئەپچىللىك بىلەن بۇرۇن گەۋدىسى، بۇرۇن ئۇقۇرى ۋە ئۈستۈنكى كالپۇكنىڭ شەكلىنى بىر يولىلا تاماملىغان بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئالاھىدە ئەۋرىشىملىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئاۋرېل ستېين تاپقان كۆركەم رەسىملەر ئۇدۇن سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى سىڭگەن مۇستەقىل ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇلار ئادەم بەدىنىنى ناھايىتى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، ھەر بىر ئەزانى ئىپادىلەشتە ئالاھىدە ماھارەت بىلەن سىزغان. ئۇلار ھەتتا بولجۇڭ گۆشلەرنىڭ ئېگىز - پەسلىكلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۈچلۈك مۇسكۇللارنى توم سىزىقلار بىلەن سىزغان، يېتىلگەن گۆشلۈك موسكۇللارنى توق (قېنىق) بوياقلار بىلەن، تەكشى كىيىملەرنى زىل - نەپىس سىزىقلار بىلەن، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھۆر - پەرىلەرنى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن رەڭلىك لېنتىلارغا يۆگەپ ئىپادىلىگەن.

«دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىكى $D_7$ دەپ نومۇر بېرىلگەن يەنە بىر ئۆيدىن بىر دانە رەڭلىك سىزما ياغاچ ئويما رەسىم تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىدە ھىندى قىياپىتىدىكى ئۈچ باشلىق، تۆت قوللۇق ئىلاھە ئوبرازى (ئۇنى ياتقان ئىككى كالا تىرەپ تۇرغان، گۈللۈك كاتەكچە ئىچىدە پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان) ئىپادىلەنگەن. ئىلاھەنىڭ موسكۇل ۋە تېرىسى خىرە، كۆك رەڭدە، ئوڭ تەرىپىدىكى بېشى ئاق رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاياللارغا خاس نازۇكلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى بېشى سۇس سېرىق رەڭدە بولۇپ، تەلەتى يالماۋۇزغا ئوخشايدۇ. بېشىدىكى تاج مول بېزەكلەنگەن بولۇپ، تاجنىڭ يان تەرىپىدە ھىلال ئاي شەكىللىك بىر بېزەك بار. ئوتتۇرىدىكى باشنىڭ پىشانىسىدە ئۈچىنچى كۆزىمۇ بار. بېلىگە يولۋاس تېرىسىنى يۆگىۋالغان. بۇ، بىراھمان دىنىدىكى باش ئىلاھە سىۋانىڭ سىمۋولى (ياكى تەڭرى ئىلاھى سىياقىدىكى ئاۋا لوكىستۋارا بۇددا دەپمۇ قارىلىدۇ). ئۇنىڭ ئارقا يۈزىگە بىر باشلىق، تۆت قوللۇق بۇتساتۋا سىزىلغان. ئۇ، پېرسىيە پادىشاھىنىڭكىدەك تاج تاقىغان، قاڭشارلىق، بۇرۇتلۇق بولۇپ، ئۈچىسىغا يېشىل يەكتەك، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن. رەڭلىك ياغاچ ئويما رەسىمنىڭ ئالدى يۈزى ھىندى ئۇسلۇبىدا، ئارقا يۈزى پېرسىيە ئۇسلۇبىدا سىزىلغان» (لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 231 - بەتكە قاراڭ).

## «يوتقان شەھىرى» خارابىسى

قەدىمكى يوتقان شەھىرى خارابىسى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان باغچا بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ خارابىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959 - يىلى 9 - ئايدا نۇقتىلىق تەكشۈرگەنىدى. شۇ يىللاردا تەكشۈرۈلگىنى بويىچە ھېسابلىغاندا بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 1200 مېتىردىن ئۇشۇق،

جەنۇبىتىن شىمالغا كەڭلىكى 700 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدۇ. خارابە ئورنى هازىرقى يەر يۈزى تەكشىلىكىدىن يەتتە - سەككىز مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن يەر ئاستى سۇلىرى سىزىپ تۇرىدىغان ساسلىققا ئايلىنىپ قالغان. شەكىللەنگەن ساسلىق، ئويمانلىقلار رەتسىز بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرى يارلىققا تۇتىشىدۇ. هازىر بۇ خارابىلىقنىڭ ساسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن دائىرىسى ئىچىدە تاختا - تاختا شال ئېتىزلىرى بار.

يوتقان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى-ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى خادىملار كۆپ قېتىم ئەھۋال ئۇقۇشقاندا، خوتەندىكى پېشقەدەم ئۇيغۇرلار ئۇ هەقتە بىر نەچچە خىل رىۋايەت ئۇسىنى ئالغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇلار ئاساسەن: «يوتقان» دېگەن سۆز ئەسلىدە «يۇرتخان» ئىكەن («خاننىڭ يۇرتى» دېگەن مەنىدە)، كېيىن يۇرتخان دېگەن بۇ سۆز «يوتقان» غا ئۆزگەرگەن دەپ قارايدىكەن. شۇنداقتىمۇ «يۇرتخان» (يوتقان) دېگەن بۇ سۆز بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ تارىختىكى ئەسلى نامىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. تەتقىقاتچىلار هازىرقى «يوتقان» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇشى مۇمكىن، دەپ يەكۈن چىقارماقتا. بۇ هەقتە «جۇنامە .يات يۇرتلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇن شەھىرىنىڭ شەرقىگە 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چوڭ دەريا بولۇپ، شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ نامى 树枝河 (بەزىلەر بۇنى شاخ دەرياسى دەپ تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ - ئا) دەرياسى. شەھەرنىڭ غەربىگە 15 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىمۇ چوڭ ئېقىن بولۇپ، ئۇ ‹دەريا› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇمۇ 树枝河 غا ئوخشاش شىمالغا قاراپ ئېقىپ جىشۇ ‹计戍› دەرياسىغا قوشۇلىدۇ...» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، هازىرقى يوتقان شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىدىن 10 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا يورۇڭقاش دەرياسى، غەربىدىن يەتتە - سەككىز كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدا قاراقاش دەرياسى بار بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي خاتىرىدىكى ئورۇن، تەرەپ، ئارىلىق قاتارلىقلارغا تامامەن ئوخشايدۇ. هازىر يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى شىمالغا قاراپ ئېقىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 120 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى «قوشلاش» دېگەن جايدا قوشۇلۇپ، خوتەن دەرياسىنى هاسىل قىلىپ، ئاخىرى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. «جۇنامە .يات يۇرتلار تەزكىرىسى» دە يېزىلغان 计戍 جىشۇ دەرياسى تارىم دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ هازىرقى يەر يۈزىدە هېچقانداق ئىمارەت ئىزى يوق. بۇ شەھەرنىڭ قايسى خىل تارىخىي سەۋەبلەر ياكى بالايى - ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۈزۈلكېسىل ۋەيران بولغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان ئېنىقلىك تارىخىي خاتىرىمۇ يوق. گەرچە ئېقىپ يۈرگەن هەر خىل رىۋايەت ئۇسىنى ئالغان گەپلەر، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئۆزى بىلگىنىچە چىقارغان قىياسەن پەرەزلىرى خىلى سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىسپاتلانمىغان، خالاس.

شۇنداق پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇكى، بۇددا دىنى ئەقىدىسى بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىسى تۈپتىن بىر - بىرىگە زىت بولغاچقا، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى دەپ هېسابلىنىۋاتقان هازىرقى «يوتقان خارابىسى» قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى (مىلادى 980-يىللىرى) ئىسلام قوشۇنلىرى بۇددا ئېلى ئۇدۇننى كەسكىن جەڭلەر ئارقىلىق ئىگىلىگەندە ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانە قىلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىسلام دىنى ئۇدۇن دىيارىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىنكى هەر قايسى دەۋرلەردە يوتقان شەھىرى خارابىسىنىڭ يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بۇددىزم دەۋرىدىكى ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئوردا شەھەرنىڭ قىممەتلىك ئالتۇن، كۈمۈش جاۋاھىراتلىرى تارىختىكى بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ بەس-بەستە تالىشىدىغان نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بۇ هەقتىكى گەپلەرگە قارىغاندا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، خانلىقنىڭ هۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى خان (تەخمىنەن مىلادى 1464-يىلىدىن 1511-يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) يوتقان خارابىسىدا كەڭ كۆلەمدە بايلىق ئىزدەپ، يەر قازدۇرۇپ، 20 نەچچە كوزىدا ئالتۇن جاۋاھىراتلارنى تاپقانىكەن. 1866-يىللىرى خوتەن هاكىمى نىياز هېكىمبەگ ئالتۇن-بايلىق ئىزدەش مەقسىتىدە قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى يوتقان خارابىسىغا باشلاپ، لاي ئېقىتىپ، ئۈچ يىلغىچە هاشار سېلىپ، كولىتىپ ئېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەنىكەن. . .يوتقان قەدىمكى شەھىرى يىراق تارىخىي دەۋرلەردىكى كەسكىن جەڭ-ئۇرۇشلار ۋە كۆپ قېتىملىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، تېپىلغۇسىز، ئېسىل يادىكارلىقلىرى ئېچىنىشلىق هالدا ئۈزۈلكېسىل يوقالغاندىن كېيىن، بۈگۈنكىدەك ئويمان-چوڭقۇر ساسلىق، ۋەيرانلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنداق هالەتتىمۇ هازىر هەم بۇ خارابە دائىرىسىدىكى بىر-ئىككى مېتىر لاي-لاتقا، توپا قاتلاملىرىدا قەدىمكى ئۇدۇننىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن تارتىپ مىلادى 9-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردىكى مەدەنىيىتىگە دائىر هەر خىل يادىكارلىقلىرى ساقلانماقتا.

يوتقان خارابىسىدىن بۇ كەمگىچە تېپىلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئۇدۇننىڭ ئىككى خىل يېزىقتىكى (خەنزۇچە ۋە كارۇشتىچە)، ئات رەسىمى چۈشۈرۈلگەن چوڭ-كىچىك مىس پۇللىرى، هەر قايسى سۇلالىلاردا قۇيۇلغان «ئۇجو» (بەش جولۇق)، «كەييۈەن تۇڭباۋ» قاتارلىق مىس پۇللار، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇيۇل مېتال پۇللىرى، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن زىننەت بويۇملىرى ۋەئېسىل تۇرمۇش بويۇملىرى، ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئۆردەك هەيكىلى، سېغىز لايدىن ياسىلىپ، خۇمداندا پىشۇرۇلغان مايمۇن، تۆگە، ئات، ياۋا توڭگۇز، مۈشۈك، بۇغا، شىر قاتارلىق هايۋانات، توز، ئۆردەك، هۆپۈپ قاتارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ هەر خىل قىياپەتتىكى قىزىقارلىق، غەلىتە، يومۇرلۇق قورچاق-هەيكەللىرى، قاپارتما، ئويما، هەر خىل سىزىقچە، گېئومېترىيىلىك سىزىقچىلار، ئۆسۈملۈك، گۈل-گىيا نۇسخىلىق هەر خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن چوڭ-كىچىك ساپال قاچىلار، كوزا-كومزەك، ئوپقان قاتارلىقلار بار. ساپال قورچاق-هەيكەللەر ئىچىدىكى ئادەم ئوبرازلىرىنىڭ بەزىلىرى يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇنان ۋە هىندى هەيكەلتىراشلىقىنىڭ پۇرىقى چىقىپ

تۇرىدۇ. ئۇدۇندا ياشىغان قەدىمكى سەنئەتكار ئەجدادلار يۇنان، پېرسىيە، ھىندى، قەندىھار سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرغان، ئۆز ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ياراتقان، بۇددىزىم مەزمۇنى ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىپ خۇمداندا پىشۇرۇلغان رەڭگارەڭ كىچىك ھەيكەل (قورچاق) سەنئىتى بۇيۇملىرى ئىچىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇت-بۇتساتۋالار، ئەيش-ئىشرەتتىكى ئاشىق-مەشۇقلار، ساز چېلىۋاتقان سازەندىلەر، ئۈزۈم كۆتۈرۈۋالغان ئۈزۈمچىلەر ئوبرازى، مايمۇنباش، ئات يۈزلۈك غەلىتە مەخلۇقلار، ئەپسانىلاردىكى ئىلاھلارنىڭ ئوبرازى قاتارلىق كىچىك ساپال ھەيكەللەرمۇ بار. بەزى ساپال بۇيۇملار ئەسلىدىلا ئادەم بېشى (ھەر خىل قىياپەتتىكى) ۋە تۈرلۈك ھايۋان شەكلىدە بولۇپ، ئۇلار ياسىلىشىنىڭ سىپتە-كۆركەملىكى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ غەلىتە ۋە قىزىقارلىقى بىلەن جانسىز سىغىز لاي خۇددى جانلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل ساپال قورچاق-ھەيكەللەرنىڭ چوڭلۇقى 20-50 سانتىمېتىر، ئەڭ كىچىكلىرى پۈرچاقچىلىك كېلىدۇ (4-، 5-، 6-، 8-، 9-، 10-، 11-سۈرەتلەرگە قاراڭ).

1973-يىلى كۈزدە خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسىنىڭ كادىرى مۇتەللىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىغا يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان قىزىقارلىق ياسالغان 2 دانە ساپال بۇيۇمنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ بىرسى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يۇقىرى قىسمى ئورا كۆز ۋە قاڭشارلىق، چېچىنى تۈرمەللىۋالغان، شاپ بۇرۇت-ساقاللىق، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، كۇلۇمسىرەپ تۇرغان ئادەم بېشى، تۆۋەن قىسمى مۈڭگۈزلۈك كالا بېشىدىن تەركىب تاپقان (يەنە بىرسىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن قىسمى پۇچۇلۇپ كەتكەن). ئۇنىڭ ئىچى كاۋاك، يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەرىپىدە ئۆتۈشمە تۆشۈكمۇ بار (ماۋزۇ سۈرىتىگە قاراڭ). ئەينى زامان ئۇدۇن سەنئىتىنىڭ كارامىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدىغان بۇ ئالاھىدە ئوبرازلىق، ساپالدىن ياسالغان بۇيۇمنىڭ زادى نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلگىلى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەرىپىدىكى تۆشۈكلەر ۋە ياسىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ: 1. قەدىمكى ئۇدۇن چېلىمىنىڭ ئىس شۈمۈرىدىغان مۇشتەك بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن؛ 2. ياكى بولمىسا، ھىندىستانلىقلار كۆزەينەك يىلاننى ئويناتقاندا چالىدىغان، ئۇزۇن ئەۋرىشىم تۇرۇبىلىق پۇۋلىمە نەيگە ئوخشاش چالغۇنىڭ پۇشتىكى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمەن.

يوتقان خارابىسىدىن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يادىكارلىقلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل ئېسىل رەڭلىك تاش، ئەينەكلەردىن ياسالغان مارجان - ئاسقۇلار، ئەينەك بويۇم پارچىلىرى، ھەر خىل ئۆرنەك نەقىشلەر ئويۇلغان تامغىلار، قاشتېشى ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان بويۇملار، ئۇستى - ئۇستىلەپ چاپلىما نەقىش - ئۆرنەكلەر بىلەن بېزەلگەن، ھەر تەرەپكە يېيىلغان ئۇلانما گۈل نۇسخىلىق، دولقۇنسىمان، ئارغامچىسىمان، ئۇنچە - مارجانسىمان، قاتمۇقات سىزىقچە نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ پىشۇرۇلغان ھەر خىل ساپال قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن 1896 - يىللىرى يوتقان خارابىسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدە ھەر خىل ساپال قورچاق - ھەيكەللەر، ساپال كوزا، مىس بۇت ھەيكىلى، قەدىمكى يېزىقلاردىكى پۈتۈكلەر ۋە ھەر خىل مىس پۇل قاتارلىق 500 دانىدىن ئارتۇق يادىكارلىقنى يىغىۋالغان. ئۇ يەنە خرىستىئان دىنىغا خاس ئالتۇن تەڭگە، كرېست بەلگىسى ۋە بىر دانە ئالتۇن مېدال قاتارلىقلارنىمۇ قولغا چۈشۈرگەن.

1901 -، 1906 - يىللىرى ئاۋرېل ستېين يوتقان خارابىسىغا كېلىپ كەڭ كۆلەمدە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندە قەدىمكى ئۇدۇن ئات پۇلى، ھەر خىل ئوبرازدىكى غەلىتە، قىزىقارلىق ساپال قورچاق - ھەيكەللەر، بۇت - بۇتساتۋالارنىڭ خۇمداندا پىشۇرۇلغان ھەيكەللىرى، نەپىس - كۆركەم نەقىشلىك ساپال بويۇملار، مارجان - ئاسقۇلار، ئالتۇندىن ياسالغان ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرى قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان. كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خوتەن» (Ancient Khotan) دېگەن ئەسىرىدە، يوتقان خارابىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تارىختىن بۇيان بۇ خارابىدىن تېپىلىۋاتقان خىلمۇ خىل ئېسىل يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، يوتقان خارابىسىنىڭ ئورنىنى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلغان.


يوتقان خارابىسىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىرغىچە چوڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا، يوتقان خارابىسى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇ ھەقتە ئاخىرقى يەكۈن چىقىرىلمىدى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى (M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچىك رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# تەقدىر
# ئۆزىنى ئۆزى
# قۇتقۇزغانلارغا
# مەدەتكار

## ساموئېل سمايلس (ئەنگلىيە)

ئېنگلىز مىللىتىنىڭ بوگۈنكى دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئورنىنى ئادەملىرىمىز ئوبدان بىلىدۇ. زىيالىيلىرىمىز ئۇلار يارىتقان مۆجىزىلەرگە شۇ قەدەر چوقۇنىدۇكى، دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئىقتىدار ۋە ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى ئۇنتۇپ كېتىپ، زەئىپ بىر كەمسىنىش كەيپىياتىدا تارىخ ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرىنى تونۇيالمايدۇ. بىنىڭچە، ئېنگلىزلار دۇنياغا تەجرىبە كۆزى بىلەن قاراپ كەلگەن، ئۇلار ئاۋۋال تەجرىبە قىلىپ، ئاندىن ئىشەنگەن. تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي ئالدامچىلىق ۋە پىتنە-ئىغۋالارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ، تۇرلۇك سىياسىي ئويۇنلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بىزدەك خەلق، دۇنيادىكى تۇرلۇك ئىشلارنى ئۆز ئەقلى ۋە مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن تەجرىبە قىلىشى ۋە مۇستەقىل باھالىشى كېرەك. تەجرىبىچىلىك ئېنگلىز دۇنياسىدىكى ئەقىل-پاراسەتنىڭ مۇھىم بىر يوسۇنى. بىر مىللەت ئۆز خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكىمۇ موھتاج. بۇ موھتاجلىقنى قاندۇرۇش ئۇچۇن بىزمۇ باشقا مىللەتلەرنى ئەقىل تارازىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ساموئېل سمايلسنىڭ: «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز» ناملىق كىتابى 1859-يىلى نەشر قىلىنغاندىن بېرى مىليونلىغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشىدىكى قوللانمىسىغا ئايلىنىپ كەلگەن. ئۇ، 140 يىلدىن بېرى نۇرغۇن ئەللەردە تەكرار-تەكرار نەشر قىلىنغان.

ھەقىقەتلەر ئېيتىلدى، گەپ ئۇنى چۈشىنىشتە ۋە تەدبىقلاشتا. ئەمما، ئېتىقادسىز ئادەملەر ئۇچۇن ئالىملارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى رول ئوينىيالمايدۇ.

— ئابدۇقادىر جالالىددىن

### «ئۆزىنى بىلىش» توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

يىراقنى كۆزدە تۇتقاندا، دۆلەت ئۇنى تەشكىل قىلغان خۇسۇسىي گەۋدىلەرنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بولىدۇ.

-يوھان ستۇئارت مىل

بىز ئۈمىدىمىزنى تۈزۈمگە بەكرەك باغلاپ، ئىنسانغا بولغان ئۈمىدىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدۇق.

-بېنيامىن دىسرائىلى

«تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار». بۇ، تالاي سىناقلاردىن ئۆتكەن ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇزاق جەريانىدىكى سانسىزلىغان ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. ئۆز كۈچىگە تايىنىش روھى شەخسنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئىلگىرىلىشىنىڭ مەنبەسى، ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كۆرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى تۈرتكىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنۇم جەھەتتىن قارىغاندا، تاشقى ياردەم ياردەمگە ئېرىشكۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىچكى ياردەم ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچىنى راۋاج تاپقۇزىدۇ. سەن مەلۇم بىر كىشىگە ياكى مەلۇم بىر قاتلامغا كۈچ چىقارساڭ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ قويغان بولىسەن. كىشىلەر زىيادە پەرۋىشكە، چېكىدىن ئاشقان رەھبەرلىككە ۋە قاتتىق نازارەتكە چۈشۈپ قالغان جايدا مۇقەررەر شۇنداق بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: بۇنداق كىشىلەر قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان زەئىپلىككە گىرىپتار بولىدۇ.

ھەتتا ئەڭ ياخشى تۈزۈممۇ ىىراۋغا ئاكتىۋال ياردەم بېرەلمەيدۇ. تۈزۈم پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى ئەركىن ھالدا ئاقتۇرۇپ، ھاياتلىق ھالىتىنى ياخشىلىشىغا رۇخسەت بەرسىلا بولدى. بىراق ھەر قانداق دەۋرنىڭ كىشىلىرى قىلچىمۇ شەك كەلتۈرمىگەن ھالدا مېنىڭ بەختىم ئۆز كۈچۈمدىن ئەمەس، بەلكى تۈزۈمدىن كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىشتى. شۇڭلاشقا، ئىنساننى ئالغا باستۇرىدىغان بىرخىل سەۋەب بولمىش قانۇننىڭ قىممىتى زىيادە ئۇستۈن مۆلچەرلەندى. كىشىلەر قۇرۇپ چىققان قانۇن مۇئەسسەسىلىرىنىڭ فونكسىيىسى مىلىونلاپ ئاشتى. ھەر ئۈچ-يىلدا ياكى بەش يىلدا قانۇن تۈزگۈچىلەر سايلاپ چىقىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى بىجىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر شەخسنىڭ تۇرمۇشى ۋە خاراكتېرىگە ئېلىپ كەلگەن ئاكتىپ تەسىرى يوق ھېسابتا بولدى. تىلغا ئېلىشقا تېخىمۇ ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئىشلار كىشىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ رولىنىڭ ئىجابىي ۋە ئاكتىپ بولماستىن، بەلكى پاسسىپ ۋە چەكلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رولى كىشىلەرنىڭ ھاياتى، ئەركىنلىكى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداشتا. قانۇن ئاقىلانە ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ ھېچقانداق ئەقلىي ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىنى باراۋەر ھالدا

كاپالەتلەندۈرگەن بولاتتى، كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز-تولا بەدەل (باج) تۆلىسىلا بولاتتى. ھەر قانداق قاتتىق قانۇنمۇ بىكار تەلەپلەرنى ئەمگەكچان كىشىلەرگە، ئىسراپخورلارنى تېجەمچان كىشىلەرگە ئايلاندۇرالمايدۇ، ھاراقكەشلەرنى ھاراق تاشلاتقۇزالمايدۇ. بۇلارنى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، ئىقتىسادچانلىقى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇشى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنى ئۇستۇن ھوقۇق ئەمەس، بەلكى ياخشى ئادەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىش لازىم.

ھۆكۈمەت ئۇنى تەشكىل قىلغان شەخسلەر خاراكتېرىنىڭ كوپىيىسى. ساپاسى ئۇستۇن ھۆكۈمەت ھامان ئۆز خەلقىنىڭ ساپاسى پەللىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ساپاسى تۆۋەن ھۆكۈمەتمۇ ھامان ئۆز خەلقىنىڭ ساپاسى پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. تەرتىپ ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا، سۇنىڭ يۈزى سۇ ئارقىلىق ھاسىل بولغاندەك، بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسىنىڭ مەزمۇنى شۇنداقلا دۆلەتنىڭ باشقا ئاقىۋەتلىرىمۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغان مىللەتنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېسىللار ئېسىللارغا خاس ئىدارە قىلىنىدۇ، نادانلار بىلەن زەئىپلەر نادانلارچە ئىدارە قىلىنىدۇ. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى: بىر دۆلەتنىڭ قىممىتى ۋە قۇدرىتى تۈزۈمنىڭ شەكلىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ساپاسىغا باغلىق. چۈنكى دۆلەت شەخسلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر، مەدەنىيەت بولسا، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىش يۈنىلىشىدىن ئىبارەت.

دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى پۇقرانىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى ۋە سەممىيلىكىدىن كېلىدۇ. ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ خاراب بولۇشىمۇ پۇقرانىڭ ھورۇنلۇقى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە رەزىللىكىدىن كېلىدۇ. ئومۇمەن، رەزىل دەپ ئەيىبلەنگەن نەرسىلەر ھەممە تەرەپنى قاپلاپ كەتكەن ئىپلاس تۇرمۇشتا كۆپ بولىدۇ. گەرچە بىز ئۇلارنى قانۇني ۋاستىلار ئارقىلىق يوقىتىشقا تىرىشساقمۇ، ئەمما ئۇلار يېڭىچە تۈپراقنى كۆرسىلا دەرھال تىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەخسىيەت ۋە خاراكتېردىكى يىلتىزى قۇرۇتۇپ تاشلانغاندىلا ئۈزۈلكېسىل تۈگەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىقنى قانۇن بىلەن تۈزۈمگە ياپسالاپ قويماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھەم

١

مۇستەقىل خۇسۇسىي ھەرىكىتى ھالىتىدە ساقلاش كېرەك.

ئىشلار شەخسنىڭ ئىچكى كۈچى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان دەۋر يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەرگە تاشقى كونترول ئېلىپ كېلىدىغان تەسىر بىر قەدەر ئازايغان بولىدۇ. ئەڭ يامان قۇللۇق زوراۋاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قۇللۇق ئەمەس (گەرچە بۇ ئەڭ زور جىنايەت بولسىمۇ)، بەلكى ئادالەت جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە رەزىللىك تۈپەيلى كېلىپ چىققان قۇللۇقتىن ئىبارەت. روھىي جەھەتتىن قۇل بولۇپ قالغان مىللەت خوجايىن ياكى تۈزۈم ئۆزگەرگەن چاغدىمۇ ھۆرلۈك تاپالمايدۇ. جاننى ئالدىغان روھىي مەھكۇملۇقنىڭ تۇمانلىرى كىشىلەر قەلبىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى بەربىر ھۆكۈمەت چاڭگىلىدا تۇرىۋەرگەن بولىدۇ. ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، زور بەدەللەر تۆلەنسىمۇ، بىراق مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان خەلق ئۇزاققا بارىدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرەلمەيدۇ. ئەركىنلىك كىشىلەر قەلبىگە يىلتىز تارتقاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە دۆلەت گۈللىنىشىنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك كاپالىتى بولالايدۇ. يوھان ستۇئارت مىل ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «شەخسنىڭ خاسلىقى مەۋجۇدلا بولىدىكەن، مۇستەبىتلىكمۇ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلالمايدۇ. شەخسنىڭ خاسلىقىنى ۋەيران قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە قانداق ئىسىم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قەتئىينەزەر مۇستەبىتلىكنىڭ دەل ئۆزىدۇر».

ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە مۇنداق بىر خاتالىق ھەمىشە يۈز بەرگەن. بەزىلەر قەيسەردەك قۇتقۇزغۇچىنى تەلەپ قىلىدۇ، بەزىلەر مىللەتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۈمىدنى كېڭەشنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا باغلايدۇ. بىزمۇ شۇنداق تەلەپ قىلىپ: «كىم بويسۇنسا، شۇ بەختلىك» دېگەن بۇ ئاددىي يەكۈن (ھەرقانداق ئىشنى خەلق ئۆزى قارار قىلماستىن، قانداقتۇر بىر نىجادچى قارار قىلىدۇ، دېگەن پرىنسىپ) نى كەشپ قىلدۇق. ئەگەر بۇ قاراشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلساق، بىر مىللەتنىڭ ھۆرلۈك تەلەپ قىلىدىغان ۋىجدانى ھالاك بولىدۇ-دە، مۇستەبىتلىك ئۇچۇن يول ئېچىلغان بولىدۇ. قەيسەرچىلىك نىجاد يۇلتۇزىغا چوقۇنۇش مەسلىكى ئىچىدىكى ئەڭ ناچار شەكىل. ئۇ، مۇتلەق بىر ھوقۇققا چوقۇنۇش بولۇپ، ئۇنىڭ كەلتۈرۈدىغان يامان ئاقىۋىتى خۇددى نوقۇل پۇلغا چوقۇنۇشتەكلا بولىدۇ. بىردىنبىر پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان تەلىمات ئۆز كۈچىگە تايىنىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر بۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرسا، شەخسكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت قەيسەرچىلىك يوقايدۇ. شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى. ۋىكتور ھيوگونىڭ قەلەم بىلەن شەمشەر ھەققىدىكى بايانلىرى يۇقىرىقى ئىككى پرىنسىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان كۆرسىتىپ بەرگەن: «بىرسى يەنە بىرسىنى ھالاك قىلىدۇ».

مىللەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە كېڭەشنىڭ ئەمرى دېگەنلەر تازا دەۋر سۈرۈۋاتقان خوراپاتلاردۇر. ۋىليام دالگان ئۇلۇغ ئېرلاندىيە ۋەتەنپەرۋىرى. ئۇ، تۇنجى نۆۋەتلىك دۇبلىن سانائەت يەرمەنكىسىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ناھايىتى جايىدا ئېيتقان: «راستىنى ئېيتسام، مۇستەقىللىق دېگەن ئەقىدە ئۆزۈمدە، دۆلىتىمدە ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا بولماستىن، قانداقتۇر ئۇيەر-بۇ يەردىن كېلىپ قالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بىز ئۈمىدىمىزنى قوشنىلىرىمىزغا ۋە ئۆزگە ئەلدىكى كىشىلەرگە باغلاپ قويدۇق. ئۆزگىلەر بىزگە ئېلىپ كەلگەن پايدىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن دەڭسەپ كۆرگىنىمدە شۇنداق بىر پىكىرگە كېلىپ قالىمەن: سانائىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق. ئىشىنىمەنكى، بىزدە تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھى كەم بولىدىكەن، ئەلۋەتتە گۈزەل پۇرسەت ۋە ئىستىقبالدىن ئايرىلىپ قالىمىز. بىز دەسلەپكى قەدەمنى ئېلىپ بولدۇق، بىراق ئەستە تۇتۇش كېرەككى، قەتئىي ئىرادە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى، ئەگەر بىز تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئالغا ئىلگىرىسەك، راھەت، بەخت ۋە مۇستەقىللىققا ئورتاق ئېرىشىشتەك مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز، ئۇنى باشقا خەلقلەرگىمۇ ئومۇملاشتۇرالايمىز».

ھەر قانداق مىللەت نۇرغۇن ئەۋلاد مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تاۋلىنىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىسىدا ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلگەن. بۇ جەرياندا تېرىمچىلار، قازغۇچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تېخنىكلار، ھۈنەرۋەنلەر، شائىرلار، پەيلاسوپلار ۋە سىياسىيئونلاردىن ئىبارەت ھەر ساھە كىشىلىرى ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتى ئۈچۈن مۇستەھكەم خىزمەت قىلدى ۋە تۆھپە قوشتى. ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىشتى. كېيىنكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئالدىنقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۇل قىلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئالىي پەللىگە كۆتۈردى. ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمگەكچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىشچانلىقى ئاخىرى مۇجەممەل ھالەتتىكى پەن، سانائەت ۋە سەنئەتتىن تەرتىپ ياراتتى. شۇڭا، بىزدەك ھاياتلىق ئەھلى ئەجدادلار قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلارنىڭ ۋارىسلىرىغا ئايلاندۇق. بۇ مىراسلار بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق كېلەچەك ئۈچۈن رول ئوينىماقتا. بىز ئۇ مىراسلارنى ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز، بۇ جەرياندا ئۇ خوراپ كەتمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

ئۆز كۈچىگە تايىنىش روھى خۇددى ھاياتىي كۈچكە تولغان شەخسىي پائالىيەتتە نامايەن بولغاندەك، ئۇ ھەر قانداق دەۋردە ئېنگلىز خاراكتېرىنىڭ دىققەتنى تارتىدىغان ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى. بۇ خاراكتېر مىللىتىمىز روھىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىگە ئايلاندى. ئاز سانلىقلارلا ئالاھىدە بولىۋالغان جەمئىيەتتە كىشىلەر مۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ يەتكەن بولىدۇ: ئامما ئىچىدىكى بەزى مۇنەۋۋەر شەخسلەر باشقىلاردىن ئەبەدىي ھالقىپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدىكەن بولىدۇ. بىراق بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. مىللىتىمىزنىڭ روناق تېپىشى يۈلتۇزلاردەك سان-ساناقسىز نامسىز ئەمگەكچىلەرنىڭ جاپالىق مېھنىتى بىلەن باغلىق بولدى. تارىختىكى بۈيۈك ئۇرۇشلاردىن قېپقالغىنى پەقەت گېنېراللارنىڭلا ئىسمىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاددىي ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قەھرىمانلىق روھىنى ئۇرغۇتمىغان بولسا، غەلىبە بولمىغان بولاتتى. دېمەك، تۇرمۇش بىر مەيدان «ھەربىي ئۇرۇش». ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلق ھەرقانداق دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ ئەمگەكچىدۇر. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈن-تىنسىز ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋەتىنىدۇر. كېلىپ چىقىشى ئاددىي بىر ئادەم قېرىنداشلىرى ئالدىدا تىرىشچان، ئىقتىسادچان ۋە ئەستايىدىل بولسا، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى بەختلىك ھاياتقا قوشقان تۆھپىسى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەسىر كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى ئىستىخىيىلىك ھالدا باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، كېلەچەك ئۇنى ئۈلگە قىلىدۇ.

تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئايانكى، ھاياتىي كۈچكە تولغان شەخسىيەتچىلىك باشقىلارغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنۇملۇك تەربىيىگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىگە سېلىشتۇرغاندا، مەكتەپ، ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەربىيىسى پەقەت تولىمۇ ئاددىي ھالدىكى مەدەنىيەت ئاقارتىشىدىن ئىبارەت. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مائارىپ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدۇ: ئۇ، ئائىلىلەردە، رەستىلەردە، ماگىزىنلارنىڭ پەشتاختىلىرىدا، سېخلاردا، دەستگاھلاردا، ئېتىزلىقلاردا، مالىيە ئىشخانىلىرىدا، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرىدا، ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق توپ ئارىسىدا ئۆزىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، جەمئىيەت ئەزالىرى ئېرىشكەن ئاداققى يېتەكچى. بۈيۈك مۇتەپەككۇر بېكۇن مۇنداق دېگەن: «ئۆگىنىش بىلىمنى ئىشلىتىش يوللىرىنى بىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەس. بىلىمنى ئىشلىتىش ئۆگىنىشتىن ھالقىغان ئەقىل-پاراسەتتۇر. بۇ پاراسەت بىۋاستە كۆزىتىپ تەجرىبە قىلىشتىن كېلىدۇ». بۇ سۆز تۇرمۇشتا ئەقىل-پاراسەت يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھالىنى كىتاب ئوقۇشقا ئەمەس، بەلكى خىزمەتكە تايىنىپ ياخشىلايدۇ، يەنى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھالىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئارقىلىق، تەتقىقات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت ئارقىلىق، تەرجىمىھال ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خاراكتېر ئارقىلىق ياخشىلايدۇ.

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى، بولۇپمۇ پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئۇلارغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك قوزغاتقۇ. ئۇ، كىشىلەرگە ئالىيجاناب تۇرمۇشنى، ئېباھا ئىدىيىلەرنى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ياشاش شەكلىنى بەخش ئېتىدۇ.

ئومۇمەن، ئىنسان خاراكتېرى ھەرخىل شەكىلسىز تەسىرلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈلگىلەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ تەسىرى، تۇرمۇش ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى، دوستلار ۋە قوشنىلارنىڭ تەسىرى، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ۋە ئەجدادلىرىمىز روھىنىڭ تەسىرى مەۋجۇد. ئەمما، شەيئىيلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، سەن ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى قۇتقۇزغۇچى.

---

خەنزۇچە: «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز» ناملىق كىتابنىڭ 1-بابىدىن

قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىدىن

(M1)



# يەھۇدىيلار ۋە بىز

خې شۇڭفېي

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە يەھۇدىيلاردەك 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، 2000يىل ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدا سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا ياشاپ، تالاي قېتىم قىرغىنچىلىق تالاپىتىنى تارتىپ، دەھشەتلىك پىلىسرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن بىرمۇ مىللەت بولمىسا كېرەك. بىراق، ئۇلار بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئالدىدا ئەسلا تىز پۈكمەي، ئۆزىنىڭ مىللىي غورۇرى ۋە مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى يوقىتىپ قويمىدى. جاللاتلار پەقەت ئۇلارنىڭ تېنىنىلا هالاك قىلالىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس روھ بىلەن ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە ئۆز دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈمىدىنى يوقىتالمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزىدە ھەر قانداق كەلگۈلۈكلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدام ۋە تەڭداشسىز قەيسىرانە كۈچنى يېتىلدۈرگەنىدى. زور ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۇلار ئۈچۈن بەختسىزلىك بولماي، بەلكى بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە بايلىق بولۇپ قالدى. «ئىنجىل»نىڭ نازىل بولۇشى، مۇسانىڭ مىسىردىن چىقىشى، دانىشمەن يەھۇدىيلارنىڭ قانۇن دەستۇرى «تەۋرات»، سانسىز قوزغىلاڭلار، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا هىتلېر گېرمانىيىسىنى مەغلۇب قىلىشتىكى پەۋقۇلئاددە تۆھپە، زىيانكەشلىكتە ئۆچرىغان 6مىليون يەھۇدىينىڭ قانلىق بەدىلى، خۇددى نۇرانە يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغان يەھۇدىي مەشھۇرلىرى، ئىبراي تىلىنىڭ تىرىلىشى، پۈتۈن دۇنيادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان «چىۋەرسودىگەر»لەر، قۇدرەتلىك ئىسرائىلىيە ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى يەھۇدىيلار سانىنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىقلار قان-تەر بەدىلىگە يېزىپ چىقىلغان پارلاق سەھىپىلەر ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرى جەريانىدا ئىپادىلىگەن ئېگىلمەس-سۇنماس روھى، بوشاشماي ئېلىپ بارغان مىللىي ئىزدىنىشلىرى، تەۋرەنمەس مىللىي غورۇرى ۋە ئېتىقادى بىزنىڭ ئۆگىنىش - ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىمەمدۇ!

جۇڭخۇا مىللەتلىرىمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخي

www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتىغا ئۆچمەس زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇلار ئوخشاشلا ئەمگەكچان، ئىقتىسادچىل، تىرىشچان، سودىغا ماھىر، بۇ خىسلەتلەر بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئورتاق گۈزەل ئەخلاقىدۇر. لېكىن، تارىخ، ۋاقىت، جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللاردىكى ئوخشىماسلىق ئۇلاردىكى بەزى پەرقلەرنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن:

جۇڭگولۇقلار شەرق مەدەنىيىتىنى ياراتتى؛ يەھۇدىيلار بولسا، غەرب مەدەنىيىتىنى گۈللەندۇردى.

جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ پارلاق تارىخىنى ئەسلەشكە ئامراق؛ يەھۇدىيلار كۆلپەتلىك تەقدىر بىلەن ئۈن-تىنسىز كۈرەش قىلىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ تاماق يېيىشى ياشاش ئۈچۈندۇر؛ يەھۇدىيلارنىڭ ياشىشى ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈندۇر.

جۇڭگولۇقلار پادىشاھنىڭ ئەۋلادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەريا-دېڭىزغا سەكرەشكە، ئوتقا كىرىشكە رازى بولىدۇ؛ يەھۇدىيلار كىچىككىنە بىر مەكتەپنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتىن يانمايدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى يۈرىكىدە ساقلىنىدۇ؛ يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى گېزىت-ژۇرناللاردا ئىپادىلىنىدۇ.

جۇڭگولۇقلار «جىنسىيەت» توغرىلىق سۆزلەشنى خالىمايدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى خۇپىيانە بىلىۋېلىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ؛ يەھۇدىيلار ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا قىلچىمۇ ئارىلاشمايدۇ.

جۇڭگولۇقلار دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بەرگەن ھامان ھەرقانچە ياخشى دوستلاردىن بولسىمۇ، دوستلۇقتىن قول ئۈزۈپ دەرھال يۈز ئۆرۈيدۇ؛ يەھۇدىيلار باشقىلار بىلەن ئاسانلىقچە چىقىشالمايدۇ، ئەگەر بىرەر يەھۇدىي خەۋپ-خەتەرگە يولۇقۇپ قالسا، مۇبادا ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبى بولغان تەقدىردىمۇ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ.

جۇڭگولۇقلار كۆڭزى تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇرەسسە-ماداراچىلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ؛ يەھۇدىيلار ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىنلا ئەمگەكچان ھەم قەيسەر بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە زەئىپلىشىپ بوزەك قىلىنغان؛ يەھۇدىيلار تارىختا ئۆز يۇرت-ماكانلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا يۈرۈپمۇ ئىسرائىلىيىدىن ئىبارەت ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرقنى زىلزىلىگە سالالىدى.

جۇڭگولۇقلار مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل-قىز-لىرىنى كۈيلەيدۇ؛ يەھۇدىيلار بىلىم بىلەن بايلىققا چوقۇنىدۇ.

جۇڭگولۇقلار تارىختىن بۇيان پاك-دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق پارتىيە ئىچىدە چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى يەنىلا ساقلانماقتا؛ يەھۇدىيلار پۇل، سىياسىينى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما زۇڭتۇڭ خىيانەتچىلىك قىلسا، باشقىلارغا ئوخشاشلا سوتقا تارتىلىدۇ.

جۇڭگولۇقلار باشقىلارغا ياخشى نىيەتتە ياردەم بەرسىمۇ، ئەمما دائىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ يەھۇدىيلار باشقىلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرىدۇ، ئەمما دائىم كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

جۇڭگولۇقلار سودىدا ئىناۋەتكە ئېتىبار بەرسىمۇ، لېكىن ساختا ماللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ؛ يەھۇدىي سودىگەرلىرى پۇرسەتپەرەسلىككە ئۇستا، ئەمما ھەرگىزمۇ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

جۇڭگولۇقلار ئادەتتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ، «مۇزاكىرە قىلايلى» دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ؛ يەھۇدىيلار ئادەتتە ئۇششاق ئىشلارغا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ، ئەمما پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، قىلچە بىخەستىلىك قىلمايدۇ.


جۇڭگولۇقلارنىڭ قانۇنى ئىنتايىن كۆپ، بىراق نۇرغۇن كىشىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ؛ يەھۇدىيلارنىڭ پەقەت بىرلا قانۇن دەستۇرى بار، ئەمما زور كۆپچىلىك كىشىلەر ئەزەلدىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايدۇ.

جۇڭگودا تارىختىن بۇيان مەنسەپدار بولغاندىن كېيىنلا پۇللۇق بولالايدۇ؛ يەھۇدىيلار ئەكسىچە، پۇللۇق بولغاندىن كېيىنلا مەنسەپدار بولالايدۇ.

جۇڭگولۇقلار ئادەتتە سىلىق-سىپايە كېلىدۇ. ئەمما باشقىلار ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتىنى دەسسەپ سالسىلا ھۆرپىيىپ قوپىدۇ؛ يەھۇدىيلار ئادەتتە مىجەزى چۇس كېلىدۇ، بىراق باشقىلار تەرىپىدىن يارىلاندۇرۇلسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ...

خوش، ئۇنداقتا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن پەرقلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە نېمە سەۋەبچى بولغان؟ بۇ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەسىلە. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى پەرقلەر ئىچىدە ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ مىللىي پەسكەشلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن يەرلىرىمىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنغانلىقىمىز بولماستىن، بەلكى ئۇقۇرمەنلەرنى سەگىتىپ قويۇشتۇر، خالاس. يەنى «خاتالىق بولسا تۈزىتىش، بولمىسا دىققەت قىلىش»، «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دېگەنلىكتىنلا ئىبارەت.

«ئېقىم مەسىلىلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «يەھۇدىيلارنىڭ سىرى» ناملىق كىتابتىن **يۈسۈپ ئىسھاق** تەرجىمىسى
(ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى) (M1)



# رىۋايەتنىڭ يىلتىزى بارمۇ

ئەزىزى

رىۋايەت بىزگە كۆپ نەرسىلەرنى ئەسلىتىدۇ، ئالەمنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى، ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى بېشارەتلەردىن تاكى قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ھەققىدىكى ۋەھىمىلەرگىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريان ۋە بۇ جەرياندا يۈز بېرىدىغان كۆللى ھادىسىلەر رىۋايەت ئارقىلىق بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز تۈرلۈك-تۈمەن قىسمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان ھايات سەپىرىمىزدە ئەنە شۇ رىۋايەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئازدۇر-كۆپتۇر قوبۇل قىلغان ئاساستا ئۆزىمىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولىمىز. بۇ بەلكىم تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە ئۈچۈنمۇ ئورتاق ھادىسىدۇر.

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ شەكلى تۇپراقتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئەقىل، روھ، نەپس ۋە كۆڭۈلدىن ئاپىرىدە قىلىنغانىكەن. ئادەم ۋۇجۇدىنىڭ بۇ تۆت ئامىلدىن تەركىب تېپىشى، ئۆز نۆۋىتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كائىناتنى تەشكىل قىلغۇچى قەدىمكى تۆت ئانا سىر، يەنى تۆت چوڭ ماددا - تۇپراق، ھاۋا (شامال)، ئوت، سۇ ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەقىل - تۇپراققا، روھ - ھاۋا (شامال)غا، نەپس - ئوتقا، كۆڭۈل - سۇغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

ئادەم ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن ئەڭ مۇكەممەل كۆرۈنۈشكە - ھۆسن-جامالغا، ئەڭ ئالىي شان-شەرەپكە - ئىززەت-ھۆرمەتكە، مۇتلەق ئۈستۈن مەرتىۋىگە - تۈنجى ئاتلىق سەلتەنەتكە، ئەڭ ئۈستۈن ئاڭغا - ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولدى. ئۇ يەنە پىكىر قىلىش ئۈچۈن ئەقىل، سۆيۈش ئۈچۈن يۈرەك، ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئۈچۈن ۋىجدان، توغرا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئىرادە، سۆز قىلىش ئۈچۈن تىل، ئۆزىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن روھ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. مانا بۇلار ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى جەۋھەرلەر ئىدى:

دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرىمۇ بىز،
ئەقىل كۆز قارچۇقى - جەۋھىرىمۇ بىز.
بۇ دۈگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى-گۆھىرىمۇ بىز.

شۇنداق، ئادەم يۈكسەك دەرىجىدىكى شان-شەرەپ ۋە سىناقنىڭ مەھسۇلى ئىدى. يەنە رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇپراققا ئىشارە قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

ئەقىل بىلىشنى مەقسەت قىلسا، نەپسكە ئىشارە قىلىنغان ئوت كۆيدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. روھقا ئىشارە قىلىنغان ھاۋا (شامال) سورۇشنى مەقسەت قىلسا، سۇغا ئىشارە قىلىنغان كۆڭۈل سۈزۈكلۈكىنى مەقسەت قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەتۈر تاناسىپلىق ئۆرلەش باسقۇچلىرىنىڭ ھالقىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە چىگىشلىكلەر بىلەن تولغان جەريان ئىدى. بۇ جەريان ئادەمدىن ئىبارەت سىرلىق زاتنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ياكى قىلدۇرالماسلىقىدىكى تۈنجى ئۆتكەل ھېسابلىناتتى. ئادەمنىڭ ھەر ۋاقىت «نەپس-شەھ-ۋەت، مال-مۈلۈك، دوست ـ ئاغىنە ۋە باشقا بىر مۇنچە توسقۇنلۇقلار ئىچىدە» (رابغۇزى) ياشىشىنىڭ ئاساسىي يىلتىزىمۇ ئەنە شۇ يەردە بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، ئادەم بارلىق كائىناتنىڭ گۈلتاجى، يېگانە تەكرارلانمايدىغان مۆجىزە. «نۇر ۋە سايە، ماددا ۋە روھ، گۈل ۋە تىكەن، تۈن ۋە كۈننىڭ خۇسۇسىيەت-لىرىنى بىرلەشتۈرگەن مەۋجۇدلۇق»① . بۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىللەتلىرى، قىممەت ۋە سۈرەتلىرى ھەرزامان ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇق ھالىتىنى ئۆلچەپ، ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچكى ئالىمى ئالاھىدە بىر ئالەم. ئادەمنىڭ ئىچكى ئالىمىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىچكى ئالەم شۇ قەدەر بىپايان ۋە مۇرەككەپ بىر ئالەمكى، ئۇنىڭ چەك-چېگرىسىغا يېتىش، سىر-ئەسرارىنى بىلىش تېخى ھېچبىر ئادەم نەسلىگە نېسىپ بولغىنى يوق. شۇڭا، ئادەمنىڭ ئىچكى ئالىمى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەتىجىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات تارىخىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە نىسبەتەن پەقەت دېڭىزدىن بىرتامچىلا، خالاس.

ئادەم ھەققىدىكى شان-شەرەپلەرنىڭ يىغىندىسى ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنىڭ سىمۋولى. ئۇنىڭ ماھىيىتى بولسا، ئىچكى ئالىمىدىكى تۇپراق بىلەن ھاۋا، ئوت بىلەن سۇنىڭ ئۇيغۇنلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىمۋولى بىلەن بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۇنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرالىغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى نامايەن قىلالايدۇ. بۇ جەريان خۇددى ئىدېئال چۈشەنچىلەرنىڭ پەزىلەتكە ئايلىنىش جەريانىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئەڭ ھەل قىلغۇچ ھالەتتە ئۆزىنى تاللاش ۋە تاۋلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى غايەت زور مۇمكىنچىلىك ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر ئادەم ھاياتلىق ئۆمرىدە ئۆز رولىنى پەقەت بىرنەچچە پىرسەنتلا جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىكەن. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئۇ ئېرىشكەن نەتىجىلەرگە نىسبەتەن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن ئادەم ھەرۋاقىت تىرىشىپ ئىزدىنىشى، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇقەددەس ھەم پايانسىز تىلسىملار خەزىنىسىگە چوڭقۇر چۆكۈشى، ئۆز قەلبىدىكى ئىلاھىي تۇيغۇلارغا سەممىيلىك بىلەن قۇلاق سېلىشى كېرەك.

ئۆز ۋۇجۇدىدىكى غايەت زور كۈچ-قۇدرەتنى بىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتىلمىگەن ئادەم سۆزلىيەلەيدىغان ھايۋان، ئازاد قۇل، كۆزى ئوچۇق ئەمادىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ياشاشتىن مەقسەت نېمە؟

بۇ، ئاڭلىماققا ھەركىم ئۆز ئارزۇسى بويىچە خالىغانچە جاۋاب بەرسە بولىدىغان ئاددىيلا سوئالدەك قىلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر تارىختىن بېرى بۇ سوئالغا ھەرخىل جاۋابلارنى بېرىپ كەلگەن. ئەمما شۇ يېرى ئەجەبلىنەرلىككى، بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىسبىيلىك ۋە بىرتەرەپلىمىلىكلەردىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن ئىسپاتلانغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ سوئال ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا ۋە مەۋقە تەركىبلىرىنىڭ پرىنسىپاللىق چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكلىرىدە ئەكس ئەتكەن ھېكمەتلەرمەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى ھاياتتىن ئىبارەت ھىدايەت ۋە رىيازەتلىك كەچمىشنىڭ كولدۇرما ساداسىغا ئوخشاش، قۇلاق تۈۋىمىزدە ھامان جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، بىز بىلەن بىرگە باشلىنىپ، بىز بىلەن بىرگە ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن بۇ ئاخىرلىشىش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆز ماقامىغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇ يەنە باللىمىزنىڭ، نەۋرىمىزنىڭ، چەۋرىمىزنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرىدە يېڭىدىن يېڭى ئەكس سادالارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. مۇئەييەن ئادىمىي ئەقىل ۋە مەۋقەگە ئىگە ھەرقانداق بىر شەخس بۇ سوئالغا ئۆز جاۋابىنى بېرىشى كېرەك. بۇ، شۇ شەخسنىڭ ئۆز ھاياتىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئىرادە ۋە ئېتىقاد ئاساسى، غۇرۇر ۋە ۋىجدان يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز يۇقىرىقىدەك نىسبىيلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا

ياشاشتىن مەقسەت ـ ئادەمنىڭ ئۆز مۇقەددەسلىكىنى نامايەن قىلىشى ئۈچۈندۇر ،دەپ جاۋاب بېرىمىز .

ھېكايەت :

ئۇستازدىن سوراپتۇ :

ـ بىلىش دېگەن نېمە ؟

ئۇستاز جاۋاب بېرىپتۇ :

ـ نېمىلەرنى بىلىدىغان ،نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىش ـ بىلىش دېمەكتۇر .

ئادەم ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى بىلىدىغان ،نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىشى كېرەك .مانا بۇ ،بىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى .

## غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بىر جۈملە سۆز

مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى يۇنان مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن پارلاق بىر سەھىپە ياراتتى .بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ھەرقايسى پەن تۈرلىرى ۋە پەننىي نەتىجىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ياۋايىلىق دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ ،يۈكسەلگەن مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ شانلىق ، ئۇنتۇلماس بەلگىسى بولۇپ قالدى .بولۇپمۇ پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت مۇشۇ دەۋر يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە .شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى ،يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئاخىرلىشىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ،يۇناندىن تولىمۇ يىراقتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى ـ تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى خەلقلەر يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى .گەرچە تارىختا مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇنداق ئۆتۈشۈش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى غەيرىي ئەھۋال ھېسابلانمىسىمۇ ،لېكىن يۇنان بىلەن تارىم ۋادىسىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە ئىرق ۋە تىل سىستېمىسىغا ، ئۆزگىچە ئىدېئولوگىيىلىك ئاساس ۋە ئېتنىك مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا ،بولۇپمۇ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تەقدىرگە ئىگە بۇ ئىككى رايون ۋە خەلق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مەدەنىيەت ئۆتۈشۈش ھەرىكىتى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي تۇرالمايدۇ .مەسىلەن ،پىساغورس ـ پىفاگور (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى500 ـ 580 ـ يىللار ) ،سوقرات (مىلادىدىن بۇرۇنقى399 ـ 469 ـ يىللار ) ،ئەپلاتون ـ پىلاتون (مىلادىدىن بۇرۇنقى347 ـ 427 ـ يىللار ) ،ئەرەستۇ ـ ئارىستوتېل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 322 ـ 384 ـ يىللار )قاتارلىق قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك سىمالىرى توغرىسىدىكى ئەسىرلىك ھېكايىلەر ،ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئېتىقادلىرىنى چىقىش قىلىدىغان ئىبرەتلىك سۆز-ئۆزۈندىلەر تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تەرجىمە قىلىندى ۋە شەرھىيىلەر يېزىلدى .ھەتتا ئۇلارنىڭ دانا ،زېرەك ، ھەققانىي ئوبرازى ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق مۇتەپەككۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازلار قاتارىدا كۈيلەندى . مەدەنىيەت تارىخىمىزدا بۇ قەدەر چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان تاشقى مەدەنىيەت ئامىللىرى بەلكىم ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك .

مەلۇماتلارغا قارىغاندا ،يۇناندىكى ئاپوللو ئىبادەتخانىسىغا ئالىم خىلوننىڭ : «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ بىل !»دېگەن سۆزى پۈتۈلگەنىكەن .يۇناندىكى يەنە بىر گىگانت شەخس ـ بۈيۈك پەيلاسوپ سوقرات بۇ سۆزدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ۋە شۇ سەۋەب بىلەن پەلسەپىگە قىزىقىپ «ئۆزىنى بىلىش»شوئارىنى تەرغىب قىلغانىكەن .

ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ھەم چاقىرىق ،ھەم ئاگاھلاندۇرۇش تۈسىنى ئالغان بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە تىرەن بولۇپ ،ئۇ ،يۈزەكى ھالدىكى ئۆزىنى بىلىش ـ ئۆزىنى چاغلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ،بەلكى ئادىمىيلىكنى ،ھاياتنى ، جەمئىيەتنى ،خەلقنى ،ئادالەتنى ،ھۆرلۈكنى ، مەدەنىيەتنى ،قەدىر-قىممەتنى ،تارىخنى ،بۈگۈننى ، ئەتىنى بىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئالەمشۇمۇل تەخىرسىز مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .جەمئىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ،بۇ سۆز بىر مەكتەپ ، مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ سۆز بىر قامۇس ،بىلىش تارىخى نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ سۆز بىر سىناق ئىدى .شۇڭا ،كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى ھەر قېتىملىق داۋالغۇش مۇشۇ سۆزنى چۆرىدىگەن ھالدا روي بەردى .

تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدا دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر قېتىملىق ئويغىنىش ھەرىكىتىدە «ئۆزىنى بىلىش»شوئارى شەرقتە خاس چۈشەنچە بىلەن ئەكس سادا پەيدا قىلدى .بۇ جەرياندا ئۆزىنى بىلىشنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى ،

www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلدى ،مۇكەممەللەشتى . «ئىنسان نېمە ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ ؟ياشاشتىن مەقسەت نېمە ؟ ئىنسان ئۆمرىنى قانداق ئىشلارغا بېغىشلىشى كېرەك ؟ كىشىنىڭ قەلبى ۋە تەپەككۇرى قاچان ئەركىن بولىدۇ ؟ئومۇمەن روھنىڭ ئەركىنلىكى ،ۋەتەننى سۆيۈش مەسىلىكى دېگەن نېمە ؟ بۇلار ئۆزىنى بىلىش مەسىلىسىگە تېگىشلىك بولۇپ ،شەرق ئەللامىلىرى بۇلارغا دائىم جاۋاب ئىزدىگەن »② .

تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، «ئۆزىنى بىلىش »ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە قىزغىنلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ،يەنى ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملىشىپ ،زور تەسىرگە ئىگە دىنىي پەلسەپۋى ئېقىم - سوپىزمنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ ،يەنىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى . چۈنكى سوپىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىدا سوقرات ، ئەپلاتون ،ئارستوتېل قاتارلىق قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ كۆزقاراش ۋە تەلىماتلىرى خېلىلا زور مەنبەلىك رول ئوينىغانىدى .

ئۆزىنى بىلگەن كىشى دۇنيانى بىلەلەيدۇ ،دەيدۇ شەمسىددىن تەبرىزىي .ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىرىنىڭ بەدىلىگە «ئۆزىنى بىلىش بىلەن زىننەتلەنگەن »لىكىنى ئېيتىدۇ .جالالىددىن رۇمىي ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن ئادەمنى تەڭرىگە باراۋەر قويىدۇ .نەۋائىي ئادەمگە :

ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا تەپەككۇر ئەيلەگىل ،
ھەرنە ئىستەرسەن ،ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل .

دەپ خىتاب قىلىدۇ .

ئۆز دەۋرىنىڭ ئەۋلىيالىق ماقامىغا ئۆل ھازىرلىغان مۇتەپەككۇر ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ ئەقلىي يەكۈنلەر ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ياكى تەقلىدىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن بولماستىن ، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆزىتىش ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى تەپەككۇرنىڭ سەرخىل چۆكمىسى سۈپىتىدە تەقىقلەنگەن ئالىي جەۋھەرلىرىنىڭ چاقنىشىدىن ئاپىرىدە بولغان .

بىزنىڭ دانىشمەن ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنى بىلىش ئۇقۇمىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا شەرققە خاس يېڭى بىر ئۇقۇم - كامىل ئىنسان چۈشەنچىسىنى ياراتتى .

ئادەم كامىل ئىنسان يەنى كامالەتكە يەتكەن ئىنسان بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش كېرەك .ئۆزىنى بىلگەندىلا ئاندىن ئادەم ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى ھېس قىلالايدۇ .ئەنە شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا بولغان ئۈرۈنۈش ئادەمدە ئىزدىنىشكە ، ئۆزىنى تاكاممۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا زېمىن ھازىرلايدۇ .

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۆزىنى بىلىش »شوئارىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئىنساننى ئۇلۇغلاش ،ئۇنى ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى يۇكسەك ئورنىنى تىكلەشكە يېتەكلەش ،شۇ ئارقىلىق ئىنساننى كامالەتكە يۈزلەندۈرۈپ ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئىلاھىي تۇيغۇلارنى جەۋلان قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ ،ئۇ ،شەرق مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كامىل ئىنسان چۈشەنچىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگەئىدى .

كامىل ئىنسان چۈشەنچىسى ئۆزىگە خاس پەلسەپۋى ئۇقۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن سوپىزمنىڭ شەرقتە ،جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مۇكەممەل ئىدىيىۋى مەۋقە بىلەن شاخلىغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە بۇ تەلىماتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولغان بەدىئىي ئەدەبىياتتا سىستېمىلىق ۋە كۆلەملىك تۈردە راۋاجلاندى .كامىل ئىنسان چۈشەنچىسىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدە ماھىيەتلىك جەريان ۋە ئاساسلارغا ئىگە .

تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە قارىتىلغان بولۇپ ،ئۇ ، ئىنساننى ئىنسانغا خاس بولغان بارلىق ئەخلاقىي مىزانلارغا تولۇق ئەمەل قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە پاكلىنىپ خۇدانىڭ ۋىسالىغا يېتىش ، يەنى ئۆزىدىكى ئىلاھىي ماھىيەتنى جەۋلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ،ھەر زامان تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ .بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم شەرىئەت ،تەرىقەت ،مەرىپەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك (شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى ،بىر قىسىم تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار بۇ باسقۇچلارنى ئۈچ ياكى تۆتتىنمۇ ئارتۇق ھىسابلىشىدۇ ) .بۇ يەردە بايانىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بۇ باسقۇچلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ ،دەپ قارايمەن .

**شەرىئەت،** بۇ ، يۇقىرىقى تۆت باسقۇچ ئىچىدىكى دەسلەپكى باسقۇچ يەنى تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى دىنىي قانۇن-نىزاملار ،ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ،ئەخلاقى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەلەپ ۋە تەۋسىيەلەرنى

ئۆزلەشتۈرۈش ،جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ،تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن ئادەمنى بىر يولچى دەپ پەرەز قىلساق، شەرىئەتنى شۇ يولچىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى تەييارلىقى - جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى سەپەرگە ھازىرلاش ،سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلەش ،سەپەر جەريانىدا دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا نىسبەتەن مۇئەييەن تونۇشنى بەرپا قىلىش جەريانىغا تەققاسلاش مۇمكىن .شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم كىشىلەر شەرىئەتنى «قانۇن» ،تەرىقەتنى «يول»ياكى شەرىئەتنى «يەر» ،تەرىقەتنى ئەشۇ «يەر»دە ئۆنگەن «دەرەخ»دەپ چۈشەنگەن .

**تەرىقەت**، بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ،مەنىسى ئۇسۇل ،يول ،مەسلەك دېگەنلەردىن ئىبارەت . تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا ۋە تەتقىقاتلاردا تەرىقەت ھەققىدىكى قاراشلار تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ-خىل .بەزىلەر تەرىقەتنى تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن مۇرىت يەنى مۇرادقا ئىنتىلگۈچىنىڭ پاكلىنىش باسقۇچى دەپ قارايدۇ .يەنە بەزىلەر ئىلاھىي مەرىپەت پەللىسى كۆزلەنگەن روھىي - ئەخلاقىي كامالەت ئۆتكىلى دەپ قارايدۇ .مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەرىقەت ئادەمنىڭ كامالەت سەپىرىدىكى مۇھىم باسقۇچلارنىڭ بىرى .ئۇ يەنە بىر يۇرۇش ماقام-پەللە ۋە ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى يۈكسىلىش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەر تەلقىنىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ،تەرىقەت ئەھلى ئۈچ ئىشتا يەنى ئورۇنسىز گەپلەردىن ساقلىنىشتا ،بىھۇدە ئىشلارغا قەدەم قويماسلىقتا ،پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك ئىكەن .

**مەرىپەت**، بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بىلمەك، چۈشەنمەك دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ ،ئۇ بىۋاستە ھالدا تەرىقەتنىڭ داۋامى ۋە نىشانىدۇر .تەرىقەتكە قەدەم قويغان مۇرىت - شاگىرت ياكى ئىخلاسمەن ئۆز مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن بىر ياكى بىرنەچچە مۇرشىدىي كامىل - پىر-ئۇستازنىڭ رەھنامىلىقىغا - يول كۆرسىتىشىگە ئىگە بولۇشى كېرەك .ئۇ ،پىرنىڭ ياردىمى بىلەن زاھىرىي ئىلىملەر (ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي ئىلىملەر ) دىن تاكى باتىنى ئىلىملەر (مەنىۋى ،ئىلاھىي ئىلىملەر )گىچە بولغان بارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن مەرىپەت باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ .مۇشۇ نۇقتىدىن مەرىپەتنى ئادەمنىڭ ئەخلاقىي ،ئەقلىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن پاكىز يېتىلىپ نۇرلىنىش باسقۇچى دېيىش مۇمكىن .

**ھەقىقەت**،بۇ ،كامالەتكە يېتىش يەنى تاكامۇللىشىشنىڭ ئاخىرقى چېكى بولۇپ ،ماھىيەتكە يېتىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ .بۇ نۇقتىنى بەزىلەر بارلىق سىر-ئەسرارلاردىن ۋاقىپ بولۇش دەپ ئىزاھلىسا، بەزىلەر مەقسەتكە ئېرىشىش دەپ ئىزاھلايدۇ .يەنە بەزىلەر ھەقىقەت بىھۇدە ئىشلاردىن كېچىپ ھەق ئىشلارغا كىرىشىش دېسە ،بەزىلەر ھەقىقەت ئىلاھىي زات بىلەن بىرلىشىش دەيدۇ .كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرىقى چۈشەنچىلەر بىر-بىرىگە ياندىشقان ، بىر-بىرىنى تولۇقلىغان ھالدا ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىرخىل تونۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن كىشى يۇقىرىقى تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا يەنە بىر يۈرۈش ماقام - مەنزىل ۋە ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك .ئەنە شۇنداق ئۆتكەللەرنىڭ بىرى فەنادۇر .بۇ سۆزنىڭ مەنىسى - يوقۇلۇش ،تۈگەش دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ ،تەسەۋۋۇپتا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە سۇبيېكتىپ خاھىشچانلىققا ئىگە «مەن»دىن قۇتۇلۇپ، يەنى ئۆزلۈكتىن كېچىپ بارلىققا - ئىلاھىي زاتقا قوشۇلۇپ كېتىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ . بۇ سۆز يەنە زاھىرىي ئالەمدىكى بارلىق نەپسى ھەۋەسلەردىن قۇتۇلۇش ،ھېچ نەرسىدىن تەما قىلماسلىق ،ھەر خىل ئىللەتلەرگە سەۋەب بولغۇچى ھىرىسلەرنى تەرك قىلىپ پاكلىنىش دەپمۇ شەرھىيلىنىدۇ .بۇ يەردە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى ،تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە ،فەنالىق ھەرگىزمۇ ھاياتتىن كېچىش ،ئۆلۈش دېگەن مەنالارنى ئىپادىلىمەيدۇ ،ئەكسىچە جىسمانىي ئۆلۈمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مۇتلەق ھۆرلۈككە ئېرىشىش ،باقىيلىق-مەڭگۈلۈككە ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

فەنالىق پەللىسىگە يەتكەن ئادەم ئارىف دېيىلىدۇ .بۇ سۆزنىڭ مەنىسى - مەرىپەتلىك، بىلىملىك ،دانا دېگەنلىك بولۇپ ،ئارىفنىڭ ئۆزىنىڭ ئارىفلىقىنى نامايەن قىلىدىغان مۇھىم پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى-پەقىرلىك ،يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن كېچىش ،ماددىي موھتاجلىقنى يېڭىش ،كەمتەرلىك ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن مەنىۋى دۇنياسىنى كامال تاپتۇرۇشتا ئىپادىلەنگەن .تەسەۋۋۇپ ئۇستازلىرىدىن بىرى مەۋلانە ئۇبەيدۇللا خوجا ئەھرار (1490-1404 )نىڭ «مېنىڭ سىلەرگە دۇنيانى مەنئىي قىلىشىم ،دۇنيانى سىلەردىن بىنىسىپ تۇتقانلىقىمدىن ئەمەس ، بەلكى سىلەرنى دۇنيادىن ئاسرىماق

ئۇچۇندۇر .چۈنكى ئادەمنىڭ شۈنچىلىك ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن ئۆزۋاقتىنى ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۇچۇن زايا قىلىشقا ئىچىم پۇشىدۇ »دىگەن سۆزى بىزنىڭ پەقىرلىكنىڭ ئاساسىنى چۈشىنىشىمىزگە ئەھمىيەتلىك زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ ، دەپ قارايمەن .

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە پەقىرلىكنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرلۈك شەرتى بولغان :

1 .ياخشى ۋە يامان سۆزگە سۈكۈت قىلىش .

2 .ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئەدەب ساقلاش ،ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز سۆزلىمەسلىك .

3 .ھېچقانداق ئادەم بىلەن يامان مۇئامىلىدە بولماسلىق .

4 .كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىش .

5 .نەپسىنى يېڭىش .

6 .ھاۋايى-ھەۋەسنى تەرك قىلىش .

دېمەك تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن ،ئۇنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا فەنالىق پەللىسىگە يەتكەن ئادەم غەيرىي تەشۋىشلەردىن ،ھاۋايى-ھەۋەس ۋە باشقا خۇنۇك ئىللەتلەردىن پاكلىنىپ ،يۈرۈش-تۇرۇش ،گەپ-سۆز قاتارلىق ئەدەب-ئەخلاق ئۆتكەللىرىدە ئۆزىنى يۈكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈرگەن ،مەرىپەت ۋە ھەقىقەتنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنگەن ،ئادىمىيلىككە خاس بولغان بارلىق ھالقىلاردا بىردەك يۈكسەلگەن كامىل ئىنساندۇر .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ،تەسەۋۋۇپ ئۆز ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىي مەقسىتى سۈپىتىدە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى ۋە ھۆرلۈكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ .بۇ نۇقتىدىن ئۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن پەلسەپىۋى ئېقىم ۋە مەسلەكلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك نۇقتىلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە . ئەپسۇسكى ،ھازىرغىچە بىزنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز تولىمۇ يۈزەكى ۋە بىرتەرەپلىمە بولدى .شۇ سەۋەبتىن ئۇنى نوقۇل ھالدا خۇراپىي مەسلەك تۈسىنى ئالغان سەلبىي ھادىسە سۈپىتىدە ئىنزاھلاپ ،كەلدۇق .نەتىجىدە بىز ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە كلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز-نىڭ ھەقىقىي ھېكمىتىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە نائىل بولالمىدۇق .دەل مۇشۇ نۇقتىدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز يىراقلاپ كەتتى .ئۇلارنىڭ بىزنى مەرىپەتكە ،ھىدايەتكە ئۈندىگەن قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى .چاڭ-توزان ئىچىدە يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەككە ئوخشاپ كېتىدىغان قىسمىتىمىز ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى .

دەرۋەقە ، تەسەۋۋۇپ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەرخىل مەپكۇرە ۋە مەقسەتلەر تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ ئەسلىي ماھىيىتىدىن چالغىتىلغان ،بۇرمىلانغان ،ھەتتا ئۇنىڭغا بەزى ساختا ،خۇنۇك تەركىبلەر ئارىلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇد .ئەمما لېيىغان سۇغا قاراپلا بۇلاقتا باھا بېرىش ئاقىلانىلىق ئەمەس .مەسىلىگە ئىلمىي نۇقتىدىن ياندىشىش ئۈچۈن چوقۇم ماھىيەتكە - بۇلاقتا نەزەر تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ .

مەنبەلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ،ھازىر دۇنيادا مەخسۇس تەسەۋۋۇپ ئىلمى مەركەزلىرىنىڭ مەۋجۇدلىقى ،كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئۆمۈر بويى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىلىم دۇنياسىغا ھۆسن قوشۇۋاتقانلىقى ،تەسەۋۋۇپقا ئائىت ئىلمىي ،پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم .يىراقتىكىسىنى قويۇپ خەنزۇتىلىدىكى مەتبۇئاتلارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق ، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇپقا مۇناسىۋەتلىك توم-توملاپ ئەسەرلىرى نەشر قىلىنماقتا .مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ،شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ،ئىجابىي تەرەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ سەلبىي تەرەپلىرىگە تەنقىدىي قاراش ئاساسىدا تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ،ئىجتىمائىي ئاساسلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۆزىگە خاس ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنىڭ بىرى .

بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر ماتېرىيالدىن ئۇلۇغ گېرمان پەيلاسوپى گېگىلنىڭ «مەن ئۆزۈمنىڭ دىئالېكتىكا ھەققىدىكى تەلىماتىمنى جالالىددىن رۇمىيغا تايىنىپ ياراتتىم »دىگەن سۆزىنى كۆرگەنىدىم .گېگىل پەلسەپىسى گېرمان پەلسەپىسىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلانغان ئەنە شۇ دىئالېكتىكا ئارقىلىق «باشقا گېرمان پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپىسىگە ئوخشاشلا ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغاندى »③ .گېگىلنىڭ دىئالېكتىكا ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس ھازىرلىغان جالالىددىن رۇمىي تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ بولغان مەشھۇر تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرىنىڭ بىرى .شۇنداق ئىكەن ،جالالىددىن رۇمىي ،گېگىل ۋە ماركسنىڭ دىئالېكتىكىغا مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرى مەلۇم يىلتىزداشلىققا ئىگىمۇ ،قانداق ؟دىگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈش ھەرگىز ئارتۇقچە ھېسابلانمايدۇ .

كامىل ئىنسان چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسىي ئورامى

ئومۇمەن بىردەك بولسىمۇ ،لېكىن ئۇنى شەرھىيلەشتە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇد .مەسىلەن ، بىرقىسىم تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرى :شەرىئەت ، تەرىقەت ،مەرىپەت ۋە ھەقىقەت باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ،ئىلاھىي كامالەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا يەتكەن كىشى كامىل ئىنساندۇر ،دەپ قارايدۇ . «پەيلاسوپلارنىڭ پىرى»دەپ نام ئالغان ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا (1037 ـ 980-يىللار ) «ئەمەلىي ئىلىملەر ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىشى زۆرۈر :بىرىنچىسى ،مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ،ئىككىنچىسى ،ئۆيىنى ئىدارە قىلىش ، ئۈچىنچىسى ،ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش»④دەيدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ،ئىبىن سىنا بۇ يەردە ئۆزىنى بىلىش ـ كامىل ئىنسان بولۇش چۈشەنچىسىنى ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەپ ،ئۇنى «ئەمەلىي ئىلىملەر» نىڭ ئاخىرقى ـ ھەل قىلغۇچ نۇقتىسى دەپ قارىغان .ئىبىن سىنانىڭ بۇ سۆزىنى ،ئۆزىنى بىلگەن يەنى «ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە»قىلالىغان ئادەم «ئۆيىنى ئىدارە» قىلالايدۇ يەنى باشقىلارنى بىلەلەيدۇ ،باشقىلارنى بىلەلىگەن ئادەم «مەملىكەتنى ئىدارە» قىلالايدۇ ،يەنى ئۆز خەلقىنى بىلەلەيدۇ ؛قىسقىسى ،بارلىق بىلىشنىڭ مەركىزى «ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» ـ ئۆزىنى بىلىش يەنى كامىل ئىنسان بولۇشتا دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ .

13-ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر پەيلاسوپ شەيخ ئەزىزىددىن نەسەفىي «ئىنسانىي كامىل» (كامىل ئىنسان )ناملىق رىسالىسىدە كامىل ئىنسان توغرىسىدا ئەتراپلىق توختىلىدۇ :

« . . . بىلگىنكى ، كامىل ئىنسان شۇنداق ئىنسانكى ،ئۇ ،شەرىئەت ،تەرىقەت ۋە ھەقىقەت بابىدا يېتۈكتۇر .ئەگەر بۇنى چۈشەنمىسەڭ باشقا ئىبارە بىلەن ئېيتاي ،بىلگىنكى ،كامىل ئىنسان دەپ شۇنداق ئىنسانغا ئېيتىمىزكى ، ئۇنىڭدا تۆت نەرسە كامالىغا يەتكەن بولىدۇ ،يەنى ياخشى سۆز ،ياخشى ئەمەل ،ياخشى خۇلق ۋە مەرىپەت .ئۇنىڭ تىلى ،دىلى ، ئىشى ۋە نىيەتلىرى پاكتۇر . . .كىمكى بۇ تۆت نەرسىنى كامالىغا يەتكۈزسە ئۆزىمۇ كامالىغا يېتىدۇ . »

« . . .ئادەملەر كائىناتنىڭ قايمىقى ۋە خۇلاسىسى ھەمدە مەۋجۇدات دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر . كامىل ئىنسان بولسا ،ئادەملەر مەۋجۇداتنىڭ قايمىقى ۋە خۇلاسىسىدۇر »⑤ .

نەسەفىي كامىل ئىنساننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

«ئەي دەرۋىش ،كامىل ئىنسان ئىلاھىي ماھىيەتنى تونۇپ ،خۇدانىڭ دىدارىغا يەتكەندىن كېيىن خەلققە راھەت يەتكۈزۈشتىن ئۇلۇغراق تائەتنى بىلمىگەي ۋە ھېچبىر كىشىنى بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرمىگەي .ئادەملەرگە ئېھسان قىلىش ،بىرەر پايدىلىق سۆز ئېيتىش ياكى پايدىلىق ئىش قىلىشتىن ئۆزگە راھەتنى بىلمىگەي . . .»

«ئەي دەرۋىش ،كامىل ئىنسان خەلق ئارىسىدا راستلىقنى قارار تاپتۇرۇش ، يامان ئادەت-قائىدىلەرنى خەلق ئارىسىدىن يوقىتىش ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ياخشى قانۇن-قائىدىلەرنى جارى قىلدۇرۇش . . .نى ئەڭ ياخشى ئادەت دەپ بىلىدۇ . . .»⑥

نەسەفىي كامىل ئىنساننىڭ ئورنى ۋە رولى ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ :

« . . .بارلىق مەۋجۇدات ئادەمگە شۇنىڭ ئۈچۈن سەجدە قىلىدۇكى ،ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا كامىل ئىنسان بار .بەس ،بارلىق ئادەمىزات كامىل ئىنسان تۈپەيلى شەرەپلىكتۇر .مەۋجۇدات ئىچىدە كامىل ئىنساندىن ئۇلۇغراق ۋە داناراق نەرسە يوق ،چۈنكى كامىل ئىنسان ئەڭ تۆۋەندىن ئەڭ يۇقىرىغىچە مەرتىۋىلەردىكى مەۋجۇداتنىڭ خۇلاسىسى ۋە قايمىقىدۇر . . . » ، «كامىل ئىنسان ئالەمنىڭ سىرى ۋە مەركىزىدۇر ،شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىلىمنىڭ مۇھىم ـ مەنبەسىدۇر ،ئالىمدۇر ،ھەربىر نەرسىنى ئۆز جايىدا كۆرىدۇ ۋە ئۆز مەۋقەيىدە باھالاپ ئادىل مۇئامىلە قىلالايدۇ» ، « . . .مەۋجۇدات گويا بىر شەخسكە ئوخشايدۇ ،كامىل ئىنسان بۇ شەخسنىڭ قەلبىدۇر . . .»⑦

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قارىشىچە ،كامىل ئىنسان چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسىي ھالقىسى ـ ئىنسان . ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ،ئۇنىڭ مەنىۋى ئالىمىنىڭ پايانسىزلىقى ،سىر ۋە مۆجىزىلەرگە بايلىقىدا .ئەنە شۇ سىر ۋە مۆجىزىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن ئادەم كامىل ئىنسان بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ . شەمسىددىن تەبرىزىي :«دۇنيادىكى بارلىق نەرسە ئىنسان ئۈچۈن ،پەقەت ئىنسان ئۆزى ـ ئۆزى ئۈچۈندۇر »⑧دەيدۇ .بۇ يەردە شەمسىددىن تەبرىزىي : «ئىنسان ئۆزى ـ ئۆزى ئۈچۈندۇر »دېيىش ئارقىلىق شەخسىيەتچىلىكنى ئەمەس بەلكى ئۆزىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى نەزەردە تۇتتۇاتىدۇ .بۇنۇقتىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئىسپاتلايدۇ :

ـ ئۆزىنى ئۆزى بىلگەن ئادەم ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ .

ـ ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇپ دۇنيا بىلەن بىرىككەن ئىنسان تەڭرىگە باراۋەردۇر⑨ .

www.uyghurkitap.com

تۈركىي خەلقلەر پەلسەپىسىنى جۈملىدىن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئۆگەنگەن رادىي فىش جالالىددىن رۇمىينىڭ كامىل ئىنسان بولۇشقا ئىنتىلىش ئىدىيىسىنى شەرھىلەپ كېلىپ، كامىل ئىنسان ئۇقۇمى توغرىسىدا ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بۇنداق كىشىلەر دۇنيانىڭ خوجىسى بولىدۇ. مەپەرگە چىقسا ئاي ۋە كۈن ئۇلاغا ياستۇق بولىدۇ، ئات مىنىپ ماڭسا يەتتە قەۋەت ئاسمان ئۇلارنىڭ ئاستىدا قالىدۇ. ئۇلار يۇلتۇز پىيالىسىدىن مەي ئىچىشىدۇ. بىر-بىرى بىلەن ھەقىقەت ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. قامەتلىرى چىناردەك راۋۇرۇس. قانلىق دولقۇنلار قوتراپ ئۆز قاينىمىغا ئالسىمۇ ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە قىلچە داغ تەگمەيدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سانسىزلىغان تىكەنلەر سانچىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە يەنىلا تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەسىر، لېكىن مەيگە ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۆزلىرىنى جەھەننەم ئوتى ئوراپ كۆيدۈرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ، موھتاجلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.. ئۇلار مىڭلىغان كىشى بولسىمۇ، ئەمما بىر كىشىدەك بىرنىيەتتە. ئاسماندا بىرلا قۇياش، بىرلا ئاي بار، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا سانسىزلىغان ئاي ۋە قۇياش بار. ھەر يۇرتنىڭ بىر پادىشاھى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھىرىدە بولسا ھەممىلا كىشى پادىشاھ...»⑩، «ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق دەۋردە شۇنداق كىشىلەر بولىدۇ: جاھاننىڭ جېنى ئۇلارنىڭ كۆكسىدە ئۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى ھەممىلا ئادەمگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆڭۈل كۆزىگە ئىگە بولۇش، كامالەتكە توشقان بولۇش كېرەك»⑪. قىسقىسى، كامىل ئىنسان كۆز قارىشى ئىنساننى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئالىمىگە يۈزلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇشقا، ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەدىر-قىممىتىنى نامايەن قىلىشقا ئۈندەيدىغان غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر خىتابنامە بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ بايراقدار مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولغان ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق گىگانتلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

شۇنى بىلىش كېرەككى، كامىللىقنىڭ دەرۋازىسى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق. ئەنە شۇ دەرۋازىدىن كىرىپ ئۆزىسىڭ پاكلىق، ھېكمەت ۋە ھەقىقەت تەختىدىكى شاھانە ئورنىغا ئولتۇرۇشنى خالايدىغانلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ئىمكانىيەتلىك ئامىللارنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلاھىي مەرىپەت كۈيىنى ياڭرىتىشى كېرەك. غورۇر ۋە ئىرادىنى خارلاپ ئۆزىنى پەس چاغلايدىغان، ئۈمىد ۋە ئارزۇنى يوقىتىپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلغان، غەپلەت بۆشۈكىدە قۇياش نۇرىنى ئۆمۈچۈك توردىن ئىلغا قىلالمايدىغان كىشىلەرگە بۈيۈك ئەللامەپەرىدىدىن ئەتتارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ھەدىيە قىلىمىز:

-يوقاتقان نەرسەڭ سېنىڭ ئۆزۈڭدىدۇر.
-پەلەك ۋە يۇلتۇزلار سېنىڭ كۆزلىرىڭدۇر.
-ئۆيىنىڭ ئىچىدە سەنۇ، ئىشىكنىڭ سىرتىدا سەن⑫

## نەپس بالاسى - قاباھەتلىك بالا

ھەركىم نەپسىنىڭ كويىغا كىرسە، نەپسى ئۇنى كۆيدۈرىدۇ. بۇ ئالەمدە جىمى مېھنەت - مۇشەققەت نەپسىتىن كېلىدۇ، ئاخىرەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەت ھەم ئۇنىڭدىن كېلىدۇ.

- رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن

ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى شەپقەتسىز زىددىيەت ۋە شۇ زىددىيەت تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك ۋەسۋەسە بىلەن تولۇپ تاشقان بولىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئامىللار - ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، پاكلىق بىلەن رەزىللىك، ھالال بىلەن ھارام، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ باش ئۆتكىلىنى نەپس دېسەك خاتا ھۆكۈم قىلغان بولمايمىز. چۈنكى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ نەپسىتىن ئىبارەت مەنىۋى ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن مۇستەسنا ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى تولىمۇ مۇشكۈل. ئادەم دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ ئەقىل جەھەتتە يېتىلگەندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان تۇنجى ئۆتكەل - نەپس ئۆتكىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتلىق سەھنىسىدە ئېلىپ بارغان بىر ئۆمۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى نەپس ئۆتكىلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قايسىبىر شائىر:

ئۆلتۈر، ئىچىڭدىكى قاتىلنى ئۆلتۈر.

دەپ خىتاب قىلغاندا، بەلكىم نەپسنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. چۈنكى سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ ئۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ - سېنى ئاچكۆز، ئىنسابسىز، يالغانچى، خۇشامەتچى، ئىككى يۈزلىمچى، تەمەخور،

ياۋۇز ،خەسىس ،ھالال-ھارامنى پەرق ئەتمەيدىغان ھېرمەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .بۇنداق ئادەمدە ئېتىقاد ،غورۇر ،ۋىجدان تۇيغۇسى ئۆلگەن بولىدۇ . بۇنداق ئادەمدە ئائىلە ،ۋەتەن ،خەلق چۈشەنچىسى بولمايدۇ .بۇنداق ئادەملەر ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن ھەدە - سىڭىللىرىنى ،ھوزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى ،مال - دۇنيا ئۈچۈن يۇرت - ۋەتىنىنى سېتىشتىن يانمايدۇ ،پىتنە - پاسات تېرىپ يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈش ،چېقىمچىلىق قىلىپ ماختىنىش ،خائىنلىق قىلىپ مۇكاپات ئېلىشنى ھوزۇر ھېسابلايدۇ .

نەپسىگە بېرىلىشنىڭ جاھالىتى ۋە رەزىللىكلىرىنى تىرەن چۈشەنگەن ئەجدادلىرىمىز كىشىلەرنى بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قارىغان .شۇڭا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل كانىدىن قازغان ھېكمەتلىرىدىن پۈتكەن يازمىلىرىدا نەپسىگە بېرىلىش ۋە شۇ ئاساستا كېلىپ چىقىدىغان تەمەخورلۇق ، ئاچكۆزلۈك ھەققىدە ئاجايىپ\ ھايات ھەقىقەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن .مەن بۇيەردە ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئەنە شۇ ھېكمەتلەردىن ئازغىنا ھاۋالە قىلىشنى لايىق كۆردۇم .بۇ ھېكمەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۆز-ئۆزىدىن ئايان بولغاچقا ،بۇ ھەقتە ئىزاھ ياكى شەرھ يېزىش ئارتۇقچە ،دەپ قارايمەن .

خەلقىمىزنىڭ 11-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرىدە :

4589گېلىڭنى كۆزەتكىن ،بولما پەسكەش ئەر ،
دەپ گالنى كىشىگە قۇل بولما ،يېتەر .
4590تولاكۆردۈم ئەمدى ئەزىز كىشىلەر ،
گېلىنى يىغالماي بولۇپ كەتتى يەر .
4593گېلىڭغا ئەسىر بولما ،ئى نەپسى چوڭ ،
ئەسىر بولساڭ تېپىلماس قۇتۇلۇش يولۇڭ .

دېسە ،بۈيۈك ئەدىب ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى مۇنداق دەيدۇ :

«ئاچكۆزلۈك كىشى ئۈچۈن ياۋۇز خىسلەتتۇر ،
ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم-قايغۇ ۋە ھەسرەتتۇر .
ئاچكۆز دۇنيا يىغىپ تويماس ،ئاچكۆز قېرىسىمۇ ئاچكۆزلىكى قېرىماس .»

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىبىمىز ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىرنەۋائىي مۇنداق دەيدۇ :

تەمەگەرلىك ۋە ناكەسلىك شۇنداق يامان خۇيكى ، بۇلار گويا كۆرۈمسىز قوشكېزەكتۇر .ئۇ بۇنىڭدىن يامان ،بۇ ئۇنىڭدىن يامان ،ئىككىلىسى بارچە ياماندىن يامان .

ئۇۋچىنىڭ بېلىققا قارماق سېلىشى نەپسى ئۈچۈن ،بېلىقنىڭ قارماققائىلىنىشىمۇ خۇددى شۇ بالا ئۈچۈن .

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن نەپسانىيەت مەنزىلىدە توختايدۇ .

مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىزدىن مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللا خاراباتى (1730 - 1638 )مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋىي خاراباتى»دا نەپس ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن .

نەپسىدىن بولماق خالاس ئاسان ئەمەس ،
نەپسىدىن بولماي خالاس ئىنسان ئەمەس .

شائىرنىڭ نەپس ھەققىدىكى دەسلەپكى بۇ قۇرلىرى بىزنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر زىددىيەت ئالىمىگە باشلايدۇ :«نەپسىدىن كەچمەك ئاسان ئەمەس ،ئەمما نەپسىدىن كەچمەي ئىنسان بولغىلى بولمايدۇ»- مانا بۇ ھەر نەپەس ،ھەر قەدەمدە مۇقەررەر ھالدا دۇچ كېلىدىغان تولىمۇ چىگىش ، تولىمۇ مۇشەققەتلىك تاللاش باسقۇچى ،يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ،ئېتىقاد بىلەن جاھالەت ،ئىرادە بىلەن ئاجىزلىق تۇتاشقان نازۇك بىر پەللە . ھەربىر بەندە ئەنە شۇ پەللىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ ،ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە تون پىچىدۇ .

ئەنە شۇ ئىزتىراپلىق پەللىدە تېڭىرقاپ قالغا بەندىلەرگە شائىر كەسكىن ۋە جاراڭلىق خىتا قىلىدۇ :

كۇنۇ-تۈن نەپسىڭ بىلەن قىلغىل ئۇرۇش .

ئادەم ئادەم بولۇپ يارالغانىكەن ،ئۇ ،ئادەمگە خاس ياشىشى كېرەك .مانا بۇ بىردىنبىر تاللاش . يورۇقلۇق ،ئېتىقاد ۋە ئىرادە ئادەمگە خاس سەلتەنەتلىك نېسىۋە ،ئادەم چوقۇم ئۆزنېسىۋىسىگە ئېرىشىپ ياشىشى كېرەك .

ھىندىستاننىڭ دۇنياغا مەشھۇر جامائەت ۋە دۆلەت ئەربابى جاۋاھىرلال نېھرۇ قىزىغا يازغان خەتلىرىنىڭ بىرىدە قەدىمكى كىتابلاردىن تۆۋەندىكى سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەنىكەن :«ئائىلە بەختى ئۈچۈن بىرلا ئادەم قۇربان ،ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئائىلە ،ۋەتەن ئىقبالى ئۈچۈن ئاما ،يۈرەك ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا قۇربان»⑬ .ئائىلە ،ۋەتەن ،ئاما ئادەمدىن تەركىب تاپىدۇ .ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئەزا يۈرەك .ئەگەر يۈرەك كېرەكتىن چىقسائائىلە ، ۋەتەن ،ئاما ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا كېرەكتىن چىقىدۇ . نەپسىنىڭ ئورنى يۈرەك .يۈرەكنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ ،ئېتىقاد ۋە ئىرادىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نەپس بالاسىدىن قۇتۇلۇش كېرەك .چۈنكى نەپس بالاسىدىن تازىلانمىغان يۈرەكتە ۋەتەن ۋە خەلققە

نىسبەتەن ئىغىشمايدىغان ۋىجدانىي بۇرچىنىڭ بولۇشى ناتايىن .شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى يۈرەك . ئۇنى ئاسراش ئۈچۈن نەپس بىلەن ھەر ۋاقىت جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

مېنىڭچە ، جەمئىيىتىمىزدە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان بىرمۇنچە رەزىل ئىللەتلەرنىڭ يىلتىزىنى نەپس بالاسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .كىشىلەر ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ، ۋىجداننىڭ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ، نومۇس - ھايا دېگەننىڭ قۇرۇق سەپسەتىگە ئايلىنىپ قېلىشى ،ئادالەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ،ئېتىقادنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ قېلىشى ،ئىنسابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يېنىشى ،قىز - چوكانلىرىمىزنىڭ ئەيمەنمەستىن ئىپپەت - نومۇسىنى بۇلغىشى ،قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ قانۇننى ئاياغ - ئاستى قىلىشى ،دوختۇر - تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئۆز شەنىنى بۇلغىشى ،ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىشى ،زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ،ھالالغا ھارامنى قوشۇش قاتارلىق رەزىل ئىلمىشلارنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

يىغىپ ئېيتقاندا ،بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەپس بىلەن مۇناسىۋەتلىك .ئادەملەر خاراكتېرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ،جەمئىيەتنىڭ ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشى ،مىللەتنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈشى نەپس شەھۋىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئەپلاتوندىن :

- قانداق ئادەم ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر ،دەپ سورىغانىكەن .

- ئەپلاتون :

- نەپسىنى يېڭەلەيدىغان ،يامان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادەم ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر ،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## نادانلىق - جاھالەتنىڭ مەنبەسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ،ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەھمەد يەسەۋي 63 يېشىدا خىلۋەتكە يۈزلىنىپ ،يەر ئاستىغا مەخسۇس ھۇجرا ياساپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە يەككە - يىگانە ھالدا ياشىغانىكەن .بۇ ،ئەھمەد يەسەۋي ئۈچۈن ئېيتقاندا غايەت زور بىر بۇرۇلۇشتىن دېرەك بېرەتتى .ئۇنداقتا بۇ بۇرۇلۇشنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

كىشىلەر بۇ ھەقتە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە :

بەزىلەر ، ئەھمەد يەسەۋي ئۆزىنىڭ تەركىدۇنيالىق ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ،يەر ئاستىغا كىرىپ ياشىغان دەيدۇ .

يەنە بەزىلەر ، ئەھمەد يەسەۋي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات يېشىنى سۈننەت ھېسابلاپ ، پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشاش ھارام دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ،63يېشىدا گۆرگە كىرىپ يېتىۋالغان ،دەپ قارىشىدۇ .

ئەمما بۇخىل قاراشلار ھەرخىل مەقسەت ۋە مۇۋەقەلەرنى چىقىش قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەزدىن ئىبارەت بولۇپ ،ئىلمىيلىكتىن خېلىلا يىراق .بىز بۈيۈك ئۇستاز ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئەسەرلىرىنى - ھېكمەتلىرىنى ئەستايىدىل كۆزىتىدىغان بولساق ،ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەنە شۇ زور بۇرۇلۇشقا سەۋەب بولۇش ئېھتىمالىغا خېلىلا يېقىن بولغان بەزى مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز .

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھېكمەتلىرىدە بىز تۆۋەندىكىدەك مىسرالارغا دۇچ كېلىمىز :

ئايا دوستلار نادان بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ،
باغرىم كۆيۈپ ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۈم مانا .
توغرا ئېيتسام ئەگرى يولغا بويۇن تولغار ،
قانلار يۇتۇپ ،غەم زەھرىگە تويدۇم مانا .
يەرئاستىغا قېچىپ كىردىم نادانلاردىن ،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەي مەردانلاردىن .
غېرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن ،
دانا تاپماي يەرئاستىغا كىردىم مانا .

تەمە قىلما نادانلاردىن قەدرىڭ بىلمەس ،
زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشاڭ يولغا سالماس .
بوينۇڭ قىسىپ زارى قىلساڭ قولۇڭ ئالماس ،
نادانلاردىن ئىشۇ ئەيلەپ كەلدىم مانا

تەن ئالماي ئامالىمىز يوقكى ،بىزدە ئەھمەد يەسەۋي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر ئىلمىي ،پەلسەپىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق .شۇ سەۋەبتىن شاكىلىنىلا كۆرۈپ مېغىزىنى كۆرمەيدىغان ،ھادىسىنى تۇتقا قىلىپ مەناغا سەل قارايدىغان بەزى كىشىلەر باشقىلار تووۋلىغان مۇقامنى دەستەك قىلىپ ئەھمەد يەسەۋي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە تولىمۇ بىرتەرەپلىمە ھالدا باھا بېرىپ كەلدى .ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سىياسىي ،ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ،ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى ۋە گۈزەل - ئۇلۇغۋار غايىلىرى سەممىمىي نۇقتىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىدى .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ،يۇقىرىقى مىسرالاردا

ئەھمەد يەسەۋىي كىشىلەرنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەشتىن ئىبارەت گۈزەل غايىسىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆز ھاياتىدىكى زور بۇرۇلۇشقا سەۋەب بولغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى - نادانلىق ھەققىدە توختالغان.

ئەھمەد يەسەۋىي ھەر بىر قەدەمدە كامالەتسىرى يۈكسىلىپ ياشاش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كامالەت ھاسىل قىلىشقا ئۈندەشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا، نادانلىقنىڭ زىيىنىنى بىۋاستە ھالدا ئۆزى دۇچ كەلگەن تەشۋىش، ئىزتىراپ قاتارلىق روھىي داۋالغۇش ۋە ئەمەلىي زىددىيەتلەر ئارقىلىق شەرھىيلەپ كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرغان.

نادانلىقتىن ئىبارەت بۇخىل روھىي ئىللەتنىڭ «تۈركىستان ئەۋلىياسى» دەپ شۆھرەت قازانغان زەبەردەست سىما ئەھمەد يەسەۋىيگە نىسبەتەن بۇنداق زور دەرىجىدە (يەر ئاستىغا قىچىپ كىردىم نادانلاردىن) تەسىر كۆرسىتىشىدىكى سەۋەب نېمە؟

بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش ئۈچۈن نادانلىق ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى ئۇستاز ئەھمەد يەسەۋىي چۈشەنگەن نۇقتىدىن تۇرۇپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇخىل چۈشەنچىگە نائىل بولۇش پۇرسىتى بىزدەك ئەقلى چولتا كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ قارىشىچە، ھەر بىر ئادەم ئارىفلىق - مەرىپەتلىك، دانالىق پەللىسىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ھەم ئۇنىڭغا يېتىشى زۆرۈر. شۇنداق بولغاندىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىك سالاھىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، يەنى كامىللىق مەرتىۋىسىگە يېتەلەيدۇ. نادانلىق بولسا كامىللىقنىڭ كۈشەندىسى، مەنىۋى قۇللۇقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، دۇنيانىڭ قىيامىتى.

نادانلىق بار يەردە ھەقىقەت دەپسەندە قىلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلىدۇ.

نادانلىق بار يەردە ساختىلىق، ساتقىنلىق ئەۋج ئالىدۇ، سەمىمىيلىك، ۋاپادارلىق، مېھىر- شەپقەت ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

نادانلىق ئەۋج ئالغان يەردە ئىمان، ئېتىقاد، ۋىجدان، مىللەت، ۋەتەن، ھۆرلۈك تۇيغۇسى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەزمۇنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھەتتا دۇنيادىكى جىمىكى يامانلىقلارنىڭ مەنزىلگاھى بولغان دوزاخمۇ نادانلاردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۈگىمەس بالايى - قازانىڭ مەنبەسى بولغان نادانلىق بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلغان ئۇستاز ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئۆزىنى خىلۋەتكە ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تاۋلاش، نادانلىقتا جەڭ ئېلان قىلىشتەك ئىسيانكارلىق روھىنى نامايەن قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نادانلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھالدا نادانغا تېخىمۇ كونكرېتنى ۋە ئەمەلىي تەبىر بېرىدۇ: «نادان - ئېشەك، بەلكى ئېشەكتىنمۇ بەتتەر. ئېشەككە نېمىنى يۈكلىسەڭ كۆتىرىدۇ، قەيەرگە ھەيدىسەڭ شۇ يەرگە ماڭىدۇ، ئۇنىڭدا ئەقىل-پاراسەت دەۋاسى يوق، بەرمىسەڭ ئاچ، بەرسەڭ توق»[14].

ئېشەك - ھايۋانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەقسەت قورساق تويغۇزۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەرۋاقىت تىل - ئاھانەت، تاياق - توقماق ۋە كەمسىتىشكە ئۇچراپ خورلىنىپ ياشاشقا مەجبۇر. ئېشەككە ئوخشىغان نادانمۇ ئەنەشۇنداق مالامەتلەر ئىچىدە ياشايدۇ. «ئەقىل - ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋاناتتىن تۈپ ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغان ئەۋزەل يېرى»[15]. ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ «قىممەتلىك بايلىقى»نى تونۇپ يەتمىگەن، «ئەقىل - پاراسەت دەۋاسى» قىلمايدىغان نادانلارنى ئادىمىي ھايۋان دەپ قاراشتىن باشقا ئامال يوق.

- ئىنسان نېمە ئۈچۈن خار ۋە زەبۇن بولىدۇ؟

- ئىككى سەۋەبتىن: بىرى، نادانلىق ۋە جاھىللىقتىن، يەنە بىرى، تەپرىقە ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتىن.

- ئىززەت-ئابروي ۋە كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟

- بىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىقتىن[16].

مانا بۇ نادانلىقنىڭ، دۇنيانى ئويغىنىش، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرى قاپلاپ كەتكەن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېنىقلىمىسى. چۈنكى، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىملىق شەپقەتسىز تاللاشقا، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسكىن زىددىيەتلىك كۈرەشكە دۇچ كەلدى. بۇ، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، نادانلىق بىلەن مەرىپەت ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش ۋە تاللىماسلىق كۈرىشى ئىدى.

تۈن قاراڭغۇ بولغانسېرى كىشىلەرنىڭ يورۇقلۇققا بولغان تەشنالىقى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مىللەتنى مەنىۋى قۇللۇق ۋە جاھالەت ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىلىم - مەرىپەت. مانا شۇ ھەل قىلغۇچ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش ئىمانى ئەركەك، ۋىجدانى ئويغاق كىشىلەر مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مىللەتنى ئويغىتىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇخالىق

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى دەل ئۇلارنىڭ يۈرەك سادالىرى ئىدى :

ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان ،ئۇيقۇڭ يېتەر ،
سەندە مال يوق ،ئەمدى كەتسە جان كېتەر .
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ ،
ئاھ ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر ،ھالىڭ خەتەر .

ئەپسۇسكى ،جاھالەت ئىلكىدە قارايغان قەلبىمىز ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق چاقىرىقلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى .نادانلىق ۋە جاھىللىق ئىللەتلىرى قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىمىي ھايۋانلار رەزىل قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەرىپەت ئۇچۇن يېقىلغان ھايات شامىنى ۋاقىتسىز ئۆچۈرگەن بولسىمۇ ،لېكىن ئۇلارنىڭ جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ،ئىلىم - مەرىپەت ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك ئالىيجاناپ روھىنى ئۆچۈرەلمىدى . ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار خىتابلىرى ھازىرمۇ جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ :

«بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانىسى ئەمەس ،ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر . جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ،ئىلىم-مەرىپەت دەۋرىدۇر .سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس ، ىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر .باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا . سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە .بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز .ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر .بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر !»[17]

## ئۇنىۋېرسال تەلىم - تەربىيە - ئەدەب - ئەخلاق تەلىماتلىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ،بىر دانىشمەندىن :

- يارامسىز پەرزەنت نېمىگە ئوخشايدۇ ؟- دەپ سورىغانىكەن ،دانىشمەن :

- ئارتۇقچە ئۆسكەن بارماققا ،كەسسەڭ ئاغرىيدۇ ،كەسمىسەڭ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ ،-دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بىر تارىخي جەريان .گەرچە ئۇ ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسى ئىچىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ ،يەنىلا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ،بىريۈرۈش يارقىن ئالاھىدىلىكلەرنى يېتىلدۈرگەن .ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى ھازىرلىغۇچى كلاسسىك تەلىم-تەربىيە ئامىللىرى ئەنەشۇلارنىڭ بىر مىسالى . ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدا

ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان .بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ «قۇرئان »ۋە «ھەدىس »لەرنى چىقىش قىلغان ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ،ئۇنى مۇكەممەل تەلىم-تەربىيە سىستېمىسىغا ئايلاندۇرغان .چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەدەب-ئەخلاق دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تۇرمۇشتىكى ئەقەللىي ساۋاتلار ۋە ۋەز-نەسىھەتلەردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن ؛ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى ،ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ،مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى قاتارلىق غايەت زور مۇھىم مەسىلىلەر ئەدەب-ئەخلاق تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىكەن .

15-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ۋائىز ،بۈيۈك پېداگوگ مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى : «ياخشى خۇي-ئەخلاق شۇنداق يولدۇركى ،ئۇنىڭسىز ئىززەت ۋە شەرەپ مەنزىلىگە يېتىپ بولماس ،بۇ يولدا قەدەم سۇرمەي تۇرۇپ ۋۇجۇد دەرىخىنى ھايۋانلىق باياۋىنىدىن ئىنسانلىق مەملىكىتىگە يەتكۈزۈش مۇمكىن بولماس »[18] دەيدۇ .

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەب ھەققىدىكى قاراشلىرى بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ :

ئەدەب-ياشلارنى چوڭلارنىڭ دۇئاسىغا سازاۋەر قىلىدۇ .

ئەدەب-چوڭلارنىڭ كۆڭلىدە ياشلارغا مېھىر ئويغۇتىدۇ .

ئەدەب-كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنىشى مۇمكىن بولغان ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ياپىدۇ ۋە ئادەمنى ھەزىل - مازاقتىن ،كەمسىتىشتىن ساقلايدۇ .ئەدەب - ئادەم تەبىئىيتىگە ئىنسانىيلىق بەخش ئېتىدۇ .

ئەدەب ۋە كەمتەرلىك - مېھىر - مۇھەببەتنىڭ زىننىتىدۇر .

ئەدەب ۋە كەمتەرلىك دوستلۇق ئەينىكىگە جۇلا بەخش ئېتىدۇ .

ئەدەب ئۇرۇقىنى تىككەن ئادەمنىڭ ھوسۇلى جاۋاھىر بولىدۇ .ئەدەبلىك ۋە گۈزەل خۇلقلۇق ئادەملەر كۆپەيسە ،ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ۋە بىر-بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى بارغانسېرى راۋاج تاپىدۇ [19] .

بىر قىسىم دانىشمەنلەر : «ئەدەب ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋە ئادەتتە ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش ،يەنى ناچار ئىشتىن ،يامان سۆزدىن ئۆزىنى تارتىش ، ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى ساقلاش ، ئابرويىنى تۆكمەسلىكتۇر .ئەدەب ئىنسان كامالىتىنىڭ بىرلەمچى ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ » [20] دەپ قارايدۇ .

دانىشمەنلەر ئەخلاق دېگەن سۆزنىمۇ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە شەرھىيلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنساپلىق، ئادالەتلىك، ھەققانىيەتچىل، كەمتەر، پاك، ئىرادىلىك، تەرتىپلىك بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، كىشىلەرنى رەنجىتمەسلىك، قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، گەپ-سۆزدە سىلىق، نازاكەتلىك، ئوچۇق چىراي بولۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىنسانىي خىسلەتلەر ئەخلاقنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان. قىسقىسى، ئىنسان ھاياتىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان بارلىق ئىجابىي ئامىللار ئەدەب-ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتلىرىنى مۇكەممەل بىر پەلسەپىۋى سىستېما دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسىرى - «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر. ئۇنى بۇ نۇقتىدىن ئەدەب-ئەخلاق قامۇسى دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم-مەرىپەتنى بارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئەنە شۇ پەزىلەتلەرنىڭ نېگىزى بولغان ئەدەب-ئەخلاقنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە:

152بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلنىمۇ تولۇق.
154ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

دەپ خىتاب قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قارىشى كۈچلۈك ئۇيغۇنلۇققا ئىگە ئەقلىي يەكۈن ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بىر خىل تەلىم-تەربىيە ۋاسىتىسى بولغان ئەدەب-ئەخلاق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىمنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىم بولمىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئەدەب-ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەدەب-ئەخلاقمۇ بىلىشنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، شۇنداق بولغانىكەن، ئەدەب-ئەخلاقنى ئەقىل بىلەن بىلىمدىن مۇستەسنا ھالدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئەقىل بىلەن بىلىمنى ئەدەب-ئەخلاقتىن مۇستەسنا ھالدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەب-ئەخلاقنى ياخشىلىق، ئۇنىڭ ئەكسىنى يامانلىققا تەققاسلاپ مۇنداق شەرھىيلەيدۇ: «ئادەم ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ، يامانلىق بىلەن قاغىشقا قالىدۇ» (246-بېيىت). «كىمىكى ياخشى - ئەدەبلىك، خۇيى يۇمشاق، ئەخلاقى گۈزەل بولسا ئۇنىڭ بەخت-تەلىيى يورۇپ تىلىكىگە يېتىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئاساسى - ياخشى خۇلق - گۈزەل ئەخلاقتۇر» (1254-، 1255-بېيىتلار). ئۇ، دەۋرنىڭ ئەدەب - ئەخلاق مۇھىتىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئاۋات، گۈزەل، كۆڭۈللۈك جەمئىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىلىم-مەرىپەتكە تايىنىش زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە ياخشى ياكى يامان رول ئوينىشى كۆپ ھاللاردا تەلىم-تەربىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ ئادەمنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ساپاسى بىۋاستە ھالدا ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنى بالا تەربىيىسىنى مەكتەپتىن ئەمەس، بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتىن ھەتتا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقىتتىن باشلاشنى تەۋسىيە قىلماقتا. خەلقىمىز قەدىمدىن باشلاپ بالا تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئۇلار: «يامان بولىدۇ»، «سەت تۇرىدۇ»، «ئۇيات» دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بالىلارنى كىچىكىدىنلا ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈگەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بالا تەربىيىسىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا ئاي كەبىي گۈزەل قىز-ئوغۇل تۇغۇلسا، ئۇلارغا سەن ئۆزۈڭ تەربىيىچى بول»، «ئوغۇل-قىزغا بىلىم ھەم ئەدەب ئۆگەت، بۇ ئۇلارغا ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق»، «ئوغلۇڭغا بارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆگەت، بۇ پەزىلەتلەر ئۇنىڭغا بايلىق ئاتقىلغۇسى» (4504-، 4506-، 4508-بېيىتلار).

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتلىرى ھەربىر ئادەمنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدىن تاكى بەندىچىلىك قىلىشى (ۋاپاتى) غىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىنىڭ ھەربىر ھالقىسىغىچە ئۆز ئەكسىنى تېپىپلا قالماي، بەلكى نىكاھ، ئائىلە، جەمئىيەت، ۋەتەندىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە خاس ئىجتىمائىي كاتېگورىيىلەردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇ گاھىدا تەلىم-تەربىيە ۋاسىتىسى بولسا، گاھىدا قانۇن ۋاسىتىسى بولغان، گاھىدا ئۆرپ-ئادەت ۋاسىتىسى بولسا، گاھىدا تارىخ ۋاسىتىسى بولغان، گاھىدا ئۆتمۈشنىڭ ۋاسىتىسى بولسا، گاھىدا كېلەچەكنىڭ ۋاسىتىسى بولغان. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ غايىسى ھەم پۇشايمىنى، شادلىقى ھەم قايغۇسى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

تارىختا خەلقىمىز ئىچىدىن بىر ئۆمۈر ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتىنى ئاساس قىلغان مەخسۇس تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خالىس ۋائىزلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ھازىرقىدەك رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق ئىلغار تەشۋىقات، تەلىم-تەربىيە ۋاسىتىلىرى بولمىغان شارائىتتائۆزلىرىنىڭ تىرەن-مۇكەممەل بىلىمى ۋە

www.uyghurkitap.com

ناتىقلىق ماھارىتىگە تايىنىپ كىشىلەر ئارىسىدا مەرىپەت تارقىتىپ ، تەلىم-تەربىيە ، ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . گەرچە بىز ۋائىز دېگەن بۇ نامنى تار ۋە بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولساقمۇ ، ۋىجدانىمىز ئالدىدا لىللا گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە ، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز ناتىقلىرى ، پېداگوگلىرى ، پروفېسسورلىرى دەپ تەن ئالماي تۇرالمايمىز .

ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتلىرىنىڭ خەلقىمىز قەلبىدىكى ئورنى شۇ قەدەر مۇھتەرەم ۋە يۈكسەككى ، دۇنيادا ئەدەب-ئەخلاق دەستۇرلىرى شۇ قەدەر كۆپ ، شۇقەدەر كەڭ تارالغان ۋە ئۇ دەستۇرلارنى شۇ قەدەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بىزدەك مىللەت كەم تېپىلسا كېرەك .

## كېلەچەك بۈگۈندىن باشلىنىدۇ

كىشىلەر 20-ئەسىرنى مۆجىزىلەر ئەسىرى دېيىشمەكتە . بۇ قاراشنى ئېتىراپ قىلماي ئىلاجىمىز يوق . ئىنسانىيەتنىڭ 20-ئەسىردە ئېرىشكەن تىجىسى ئۇنىڭ ئالدىنقى ھەر قانداق دەۋردە رىشكەن نەتىجىسىدىن بىقىياس زور بولدى . بولۇپمۇ ومپيۇتېردىن ئىبارەت غايەت زور ئۇنىۋېرسال ىقتىدارغا ئىگە پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىنقىلاب كەلكۈنى ئىنسانىيەتنىڭ كۈچلۈك بىر خىرىسقا دۇچ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بەردى . بىر قانىتىدا گۈللىنىش ، بىرقانىتىدا بۆھران تەنتەنىسىنى نامايەن قىلىدىغان بۇ خىرىس نۇرغۇن كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى . ئەلۋەتتە ، بۇ مەسىلىدە ھەر بىر ئادەمنىڭ تاللاش ھوقۇقى بار . ئەمما بۇ تاللاش ئەقىل-پاراسەت بىلەن نادانلىق ، تەرەققىيات بىلەن قالاقلىق ، تاللىنىش بىلەن شاللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش بولۇپ ، ئۈچىنچى بىر خىل تاللاشنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا 20-ئەسىرنى ئۇزىتىپ ، 21-ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئاڭ جەھەتتىكى زور بىر ئىنقىلابنى مەيلى قانداق پوزىتسىيىدە بولمىسۇن قوبۇل قىلماي ئىلاجى يوق .

20-ئەسىرنىڭ ئەڭ چوڭ شوئارىنى ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراسەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت دېسەك خاتا بولمايدۇ . شۇ نۇقتىدىن ، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زامانىۋىلاشقان تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ . بۇ ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق .

بارلىق تەلىم -تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ تۈگۈنى مائارىپ ، ئەمما مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى مائارىپ ساپاسى زادى قايسى دەرىجىدە ؟ ئۇ ، زامانىۋىلاشقان ئەسىرگە خاس كىشىلەرنى تەربىيىلەشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ-يوق ؟ مېنىڭچە ، بۇ ، نۆۋەتتىكى مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ۋەكىلى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە .

مەن مائارىپىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ساپاسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمەن . ئەمما باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق دۆۋىسىدىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆلۈك ھالدىكى يادلاشقىلا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ئاجىز ، ئاللىقاچان دەۋر تەرەققىياتىنىڭ كەينىدە قالغان دەرسلىك ۋە نوقۇل نومۇرنى تۇتقا قىلىشتەك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن خالقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقى ھەرگىز سىر ئەمەس .

دەرسلىك مەسىلىسى مائارىپنىڭ ساپاسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى . بۇ يەردە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دۇچ كەلگەن كىچىككىنە بىر ۋەقەنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن . ئۇ ، مىللىي مائارىپنىڭ ساپاسى ۋە دەرسلىك مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى :

مەن بىر قېتىملىق ماتېماتىكا دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارغا بىر ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى سۆزلىدىم . مەسىلە چېڭدۇ بىلەن كۈنمىڭنىڭ ئارىلىقى مانچە كىلومېتىر ، ئەگەر چېڭدۇدىن يولغا چىققان پويىز سائىتىگە مانچە كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ماڭسا ، كۈنمىڭغا نەچچە سائەتتە يېتىپ بارالايدۇ ، دېگەن مەزمۇندا ئىدى . مەن مەسىلىنى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلاردىن چۈشەنگەن-چۈشەنمىگەنلىكىنى سورىغىنىمدا ، بىر ئوقۇغۇچى مەسىلىنى ئەمەس ، بەلكى چېڭدۇ دېگەن نە ؟ دەپ سورىدى . مەن شۇنىڭدىن ئويلاپ قالدىمكى ، بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدىن ، ئەڭ ياخشىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىدىن يىراقلاپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىكەن .

ئەپسۇسكى ، بىزنىڭ كۆپ ساندىكى دەرسلىكلىرىمىز بۇ تەلەپتىن بەك يىراق . ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئارتۇقچە ئاغرىنىپ كېتىشىمىزنىڭمۇ ئانچە ئاساسى يوق . ھەممىگە مەلۇمكى ، بىزدە دەرسلىكلەر بىرتوتاش

تۈزۈلىدۇ، كۆپ ساندىكى دەرسلىكلەر ئەنە شۇ بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا ئۆتۈلىدۇ. بۇخىل ئۇسۇل بىرقىسىم دەرسلىكلەرگە نىسبەتەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسىنى چەكلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دەرسلىكلەر چوقۇم رايون ئالاھىدىلىكى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك.

«ھازىرقى زاماننىڭ مەدەنىي دۆلىتى خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئەخلاقىي تۇرمۇشىنىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشى لازىم»㉑. نۆۋەتتە بىزنىڭ ئەخلاقىي ئاساسلىرىمىزنىڭ كۈنسېرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بەھس - مۇنازىرە قىلىشماقتا. بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى بىلەن باغلاپ قاراشماقتا. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، زامانىۋىلىشىش ھەرگىز ئەخلاقنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋى كېلىماتنىڭ بوھرانغا يۈزلەنگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق بوھراننىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي يىلتىزىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت دەپ قاراشقا بولىدۇ:

## 1. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۇنتۇلۇشى

مەدەنىيەت - ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئېرىشكەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئۇتۇقلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئۇ، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل. مىللىي مەدەنىيەت مىللىي تىل، مىللىي روھ، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي تۇرمۇش قاتارلىق ئامىللاردا ئەكس ئېتىپ، شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي تەقدىرى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل شەكلى بولغان تۇرمۇش شۇ مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچە ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ياكى يېقىندىن پەيدا بولغان ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە، قائىدە - يوسۇنغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى يارىتىش ئۇسۇلى بولىدۇ»㉒.

بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان گۈزەل مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولغان قىممەتلىك ھايات ئەنئەنىلىرى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى كۈندىن كۈنگە ئۇنتۇلۇپ بارماقتا. ئەنە شۇ ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر بىزنىڭ ئەخلاقىي ئاساسىمىز ۋە ئىنسانىي پەزىلىتىمىزنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللار بولۇپ، ئۇ، ھازىرقى زامانىۋى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، تۇغۇلغان بالىنى چوقۇم ئانا سۈتى بىلەن بېقىش، بۆشۈككە بۆلەش، ئەللەي ئېيتىش قاتارلىق ئادەتلىرىمىزنى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقاتچىلىرى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللىمەكتە. بولۇپمۇ ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن ئەدەب-ئەخلاق، تەلىم-تەربىيە ئۇسۇللىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئاتا-ئانىسى بار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقماسلىق، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك، سالام-سەھەتنى ئۇنتۇماسلىق، چوڭلاردىن مەسلىھەت سوراش، كىچىكلەرگە تەلىم بېرىش قاتارلىقلار. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كونىلىق قاتارىدا چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئەۋلادلىرىمىز ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئەخلاقىي يىلتىزىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، نىشانىنى يوقاتقان پادىغا ئايلىنىپ قالماقتا. رەھىمسىزلىك، ئىنسابسىزلىق ۋە ۋىجدانىي تۇيغۇنىڭ زەئىپلىشىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بۇنداق ھالەت مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتنىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان ئېتنىك روھىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنقىرازغا يۈزلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يوقىلىشى

ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يوقىلىشى - ئىنسان ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ يوقالغانلىقى، ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى: دورامچىلىق، تەقلىدچىلىك، شەكىلبازلىق، يالغانچىلىق، خۇشامەتچىلىك، مەپكۇرىسىزلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى مەنىۋى جەھەتتە قۇللارچە ياشاش، ئېتىقادىنى دەپسەندە قىلىپ ماڭقۇرتقا ئايلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى يۇناندا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەملىكەتنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتى، ئىلمىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆزىگە خاس كۆز قاراش ۋە پىكىرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى قانۇن تەرىپىدىن

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەنگەنىكەن. ھەتتا ئۆزىگە خاس كۆزقاراش ۋە پىكىرگە ئىگە بولمىغان كىشىلەر قانۇن تەرىپىدىن جازاغا تارتىلغانىكەن. قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا نەقەدەر يۈكسەك پەللە يارىتالىغانلىقىنىڭ بەزى سەۋەبلىرى بەلكىم مۇشۇنىڭدىن بولسا كېرەك. چۈنكى ئۆزىگە خاس كۆز قاراش ۋە پىكىرگە ئىگە بولۇش ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئىقتىدارىنى تاۋلايدىغان جەريان. ئادەمنىڭ ئەقلىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشى، مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ھەربىر ئادەمنىڭ مۇستەقىل كۆزقاراش ۋە پىكىرگە ئىگە بولۇشىنى مەنبە قىلىدۇ.

بىزدە ھەممە ئادەمنى ئورتاق پىكىر قىلىشقا ئۈندەش ئارقىلىق خاسلىقنى چەتكە قېقىش، ئۆزىگە خاس كۆزقاراش ۋە پىكىرگە ئىگە كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش، توغرا ياكى خاتالىقىدىن قەتئىينەزەر ھەممە ئادەمنى بىرخىل قاراشقا بويسۇندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى، شەخسىي ھۆرلۈكىنى كەمسىتىش خاھىشىنىڭ ھازىرمۇ ئېغىر ھالدا مەۋجۇدلۇقىنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەڭ يامىنى، بىز مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى خوجايىنى بولغۇسى بالىلارنى ئەنە شۇنداق بىرتەرەپلىمە خاھىش بىلەن تەربىيىلەشكە ئادەتلىنىپ قالدۇق. بىز ھەدېسىلا بالىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئۆزىگە خاس ھەرىكەت قىلىش ئارزۇسىنى ھەرخىل توساقلار بىلەن توساشقا كۆچەيمىز. ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنى سۆيۈش نىقابى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئەمدىلا بىخ سۈرۈۋاتقان ئۈمىد ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ھەرخىل يوللار بىلەن چەكلەيمىز. ئۇلارنىڭ سەبىيلەرچە ئەركىنلىك تۈسىنى ئالغان شوخلۇقى ۋە تۇرلۇك چۇقانلىرىنى «جىن كەلدى»، «ئالۋاستى كەلدى»، «ئۇ سېنى ھام ئېتىدۇ» دېگەندەك ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن بېسىپ، ئۇلارنى ئەندىشە ۋە قورقۇش ئىچىدە ياشاشقا ئۈندەپ، ھاياتقا بولغان ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆز قېلىپىمىز بويىچە سىزغان سىزىقتىن چىقمايدىغان، ئىتائەتچان، يۇۋاش، «ماشىنا ئادەم» بولۇشقا ئۆگىتىمىز. ئۇلارنىڭ مەيلى كىچىك ياكى چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇستەقىل بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى تەن ئالمايمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار.

## 3. ۋىجدان تۇيغۇسىنىڭ پۇچەكلىشىشى

ۋىجدان — ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان بىرخىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەنىۋى قانۇن بولۇپ، ئۇ، ئىنساب، ھالاللىق، ساپدىللىق، توغرىلىق، ۋەدىسىدە تۇرۇش، قائىدە-مىزانلارغا رىئايە قىلىش قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەمدە ۋىجدان تۇيغۇسىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىززەت-ھۆرمىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. تەربىيە كۆرمىگەن، ئەقلى چولتا، مەيدانسىز، ئىنساب-دىيانەتنى بىلمەيدىغان، ئىرادىسىز، روھىي زەئىپ ئادەم ۋىجدانىي تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، جەمئىيەت ۋە مىللەت ئۈچۈن بىر ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ھەربىر پۇقراسىنىڭ ۋىجدانىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ ئادەمنىڭ ۋىجدانىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. ھەربىر كۆرۈنۈشىدە بولاڭچىلىق، قاتىللىق، شەپقەتسىزلىك ۋە ۋەھىمە يېغىپ تۇرۇدىغان تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىمىز، شۇنداقلا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەن، دوگما مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋالىدىغان رادىئو، گېزىت - ژۇرنال تەشۋىقاتىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئەنە شۇنداق مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتىدىغان ۋاقتى ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى. ئەگەر يەنىمۇ كېچىكىدىغان بولساق، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاۋاسى، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى مۆلچەرلىگۈسىز پالاكەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

ھېس قىلىشىمچە، بىر سۆز بىز ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك رول ئوينىماقتا. ئۇ بولسىمۇ كېلەچەك دېگەن سۆز. بىز ھەرقانداق سەۋەنلىكىمىزنى كېلەچەك دېگەن سۆز بىلەن يېپىشقا، ھەرقانداق بىھۇدە خىياللىرىمىزنى كېلەچەك دېگەن سۆز بىلەن پەردازلاشقا، ھەرقانداق ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى كېلەچەك دېگەن سۆزگە دۆڭگەپ قويۇشقا ئامراق. شۇ سەۋەبتىن بىز كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشنىڭ ئورنىغا يوشۇرۇپ، غەپلەتتىن ئويغىنىشنىڭ ئورنىغا ماختىنىپ، تۈگىمەيدىغان ئەتىنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ ياشاۋاتىمىز.

«دۇنيانىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ دەرۋازىسىنى داغدام ئېچىۋەتتى، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلانماقچى بولسىڭىز يىراقتا سەپەر قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، قىممەت باھالىق كىتابلارنى سېتىۋېلىشىڭىزمۇ ئورۇنسىز، پەقەت كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، سەزگۈ ئەزالىرىڭىزنى ئىشقا سالسىڭىز كۇپايە»㉓. ئەمما شۇ نەرسە ھامان ئېسىڭىزدە بولسۇن، كېلەچەك بۈگۈندىن باشلىنىدۇ!

## تۈگەنچە

رىۋايەت دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقىنىغا ئۇزۇن

زامانلار بولۇپ قالدى. ئەمما ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان رىۋايەتلەر ئۆزىنىڭ ساپ، ساددا، سەمىمىي ۋە ھەققانىي تۇيغۇلارغا باي بولۇشتەك ئۆلمەس سادالىرى ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولىمۇ نازۇك دەۋر ھېسابلانغان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ، كەلگۈسى ھەققىدىكى گۈزەل غايىلىرىنىڭ ئەنە شۇ رىۋايەتلەر دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىشماقتا.

شەرق خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار رىۋايەتكە باي خەلق. ئۇلارنىڭ ھەربىر كەچمىش ۋە قىسمەتلىرى ئىنتايىن تەسىرلىك رىۋايەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇلارنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ مەنىسى، دۇنيانىڭ ماھىيىتى، ئادەمنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى ئەقلىي يەكۈنلىرى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئاساسلىرى رىۋايەتلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئەنگلىيىلىك ئالىم توماس ھېكسلىي: «قەدىمكى زاماننىڭ رىۋايەتلىرىنى ھازىرقى زاماننىڭ جىددىي پەننىي ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپى چۈشكە ئوخشاش ئاددىي غايىب بولىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئاجايىپكى، چۈشكە ئوخشايدىغان مۇنداق رىۋايەتلەر كۆپ ھاللاردا يېرىم ئويغاق، يېرىم ئۇخلاۋاتقان ھالەتتىكى چۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، چىنلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ»㉑ دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان رىۋايەتلەر (مەيلى ئۇنىڭ رىۋايەت، ھېكايەت ياكى ھېكمەت دەپ ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر)نى ھەرۋاقىت ئەستىن چىقارماسلىق، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، كۈندىن كۈنگە ئۆزىنىڭ مەنىۋى ۋە مەدەنىي يىلتىزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان دەۋرىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

رىۋايەتنىڭ يىلتىزى بارمۇ؟

بار. ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە. ئۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرىنى ھەرۋاقىت ئېسىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ يولىمىزغا ئىنساب - دىيانەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. ئۇ، ئەۋلادلىرىمىزغا ئىلىم - مەرىپەت، ئىنسانىي پەزىلەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ!

1998-يىل مارت - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## ئىزاھات ۋە مەنبەلەر


* ئەسەرنىڭ بىرىنچى ماۋزۇسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتا ئۆزبېك ئالىملىرىدىن نەجمىددىن كامىلوف، ئىبراھىم ھەققۇلوف ۋە سەدىرىددىن سەلىم بۇخارىي، باتۇرخان ۋەلىخوجايېفلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن پايدىلاندىم. ـ ئاپتور.

① فەرىدىددىن ئەتتار: «ئىلاھىينامە»، 1994-يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 80-بەت.

② ئىبراھىم ھەققۇلوف: «زەنجىرلەنگەن شىرقېشىدا»، 1989-يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 193-بەت.

③ م. روزېنتال، پ. يودىن: «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» 2-قىسىم، 1984-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 980-بەت

④ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «زەنجىرلەنگەن شىر قېشىدا» 207-، 208-بەتلەر.

⑤، ⑥، ⑦ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1992-يىل 14-ئاۋغۇست سانى.

⑧ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمىي»، 1991-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 287-بەت.

⑨، ⑩، ⑪ يۇقىرىقى كىتاب 287-، 288-، 296-، 297-بەتلەر.

⑫ «ئىلاھىينامە»، 80-بەت.

⑬ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «زەنجىرلەنگەن شىر قېشىدا»، 51-بەت.

⑭ ئەلشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 1983-يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 75-بەت.

⑮ ئېرنىست ھېككېل: «ئالەمنىڭ سىرى»، 1984-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 23-بەت.

⑯ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، 106-بەت.

⑰ خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، 151-بەت.

⑱ «بۇلاق» ژۇرنىلى 1996-يىل 2-سان 10-بەت.

⑲ ئەلشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 1983-يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 48-بەت.

⑳ «دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا»، 1991-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44-بەت.

㉑ ئېرنىست ھېككېل: «ئالەمنىڭ سىرى»، 1984-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 527-بەت.

㉒ م. روزېنتال، پ. يودىن: «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»، 1984-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-قىسىم 1426-بەت.

㉓ ئېرنىست ھېككېل: «ئالەمنىڭ سىرى»، 500-بەت.

㉔ توماس ھېكسلىي: «ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-بەت. (M1)


### بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە

www.uygurkitap.com



# كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى كىملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك

- «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نىڭ 50يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغۇلغان ئويلار

لۇڭ يىڭتەي

## ھەقىقەتنىڭ بولمىغىنىدىن تالىشىلىنغىنى بولسىمۇ بولغىنى ياخشى

«دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يىل خەلقئارا يىغىنلار يىل بويى كەينى-كەينىدىن ئېچىلىپ تۇردى .ھەرقايسى

## ئالەمدە

دۆلەتلەردىن كەلگەن ،ھەرقايسى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پەيلاسوپلار ، قانۇنشۇناسلار ،جەمئىيەتشۇناسلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەربابلار باش قوشۇپ ، ئوسلودىن مادرىدقىچە ،لوندوندىن پراگاغىچە بولغان كەڭلىكلەردە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى يېنىش-يېنىشلاپ مۇزاكىرە قىلدى . كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە مۇزاكىرە قىلىغۇدەك زادى نېمىلەر بار ؟بەزىبىر ساددا پىكىرلىك كىشىلەر :سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشتى ، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرى دېموكراتىيە دەۋرى ، كىشىلىك ھوقۇق ئەمدى مۇھىم مەسىلە بولۇشتىن

قالدى، دېيىشىدۇ. قورساق كۆپىكى بار بەزى كىشىلەر بولسا: كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ناھايىتى ئاغزىدا شەھەر ئالغاندەكلا بىر ئىش، ئۇ، 1948-يىلى ئىمزالانغاندىن بۇيان زادى قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟ ئۇ، كامبودژا خەلقىنى زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قوغداپ قالالىدىمۇ؟ ئۇ، جۇڭگولۇقلارنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەيدىغان تەلۋىلىكتىن ساقلاپ قالالىدىمۇ؟ ئۇ، ئىككى قولى قان بىلەن بويالغان مۇستەبىتتىن زادى قانچىسىنى چەكلەپ قالالىدى؟ دېيىشىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئۆزىدىن قۇسۇر ئىزدەش - بۇ بىر مۇقەررەرلىك. ئۇ، خرىستىيان مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى ۋە كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتىگە «ئورتاق» بولغان كىشىلىك ھوقۇق پەلسەپىسىنى ماقۇللىيالامدۇ؟ دېگەندەك پەلسەپىۋى قاتلاملار ھەققىدىكى خىلمۇ خىل بەس مۇنازىرىلەرنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ئۇنى ئەمەلىي يولغا قويۇشنىڭ ئۆزىدىلا قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلار مەۋجۇد. خىتابنامە بىر يۈكسەك ئەخلاقنىڭ كۆرسەتكۈچى، لېكىن ئۇنىڭ ئىمزالىنىش جەريانى بولسا، سىياسىينىڭ تەدبىقلىنىشى، شۇڭا ئۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان. ئايرىم ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرگە نىسبەتەن خىتابنامىغا ئىمزا قويۇش - تېخىمۇ يۇقىرى بىر ھوقۇقنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇتلەق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئارىلىشىپ، ئۇنى كېمەيتىۋېتىشىگە يول قويۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئايرىم دۆلەتلەر يا ئۇنى توسايدۇ، يا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، يا ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خىتابنامىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەر قايسى مەزگىللەردە كېيىنى-كەينىدىن ئىمزالانغان كىشىلىك ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئونلىغان خىتابنامە ۋە ئەھدىنامە ئىچىدە ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە بولغان ئىنسانپەرۋەرلىككە ۋە قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداشقا ئائىتلىرىنى ئېتىراپ قىلغان دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ، لېكىن پۇقرالارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا ئائىتلىرىغا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلغان دۆلەتلەر خېلىلا نۇرغۇن. مۇستەبىت دۆلەتلەر بولسا، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن ئۇنداق خىتابنامە-ئەھدىنامىلەرگە ئاساسەن ئىمزا قويمايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا زىددىيەتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنى ئالايلى: بۇ يىل 7-ئايدا رىمدا ئېچىلغان يىغىندا 7 ئاۋازغا قارشى 120 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خەلقئارا جىنايى ئىشلار دائىمىي سوتى قۇرۇش قارار قىلىنغانىدى، ئامېرىكا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى ئىچىدە ئامېرىكا ھەربىيلىرىنىڭ نىسبىتى ئەڭ زور. ئامېرىكا بەزى دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇ جىنايى ئىشلار سوتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئامېرىكا: بىز ئىمزا قويىمىز، لېكىن شەرت شۇكى، ئامېرىكا پۇقرالىرى بۇ سوتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىگە كىرمەيدۇ، دەپ تەلەپ قويدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا مۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازنى بەرگىسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن جىنايى ئىشلار سوتى قۇرۇشتەك ياخشى ئىشقا بولغان كاشىلا ھازىرغىچە تۈگىمەيۋاتىدۇ. چۈنكى دەرىجىدىن تاشقىرى بىر دۆلەت ئۇنىڭغا قاتناشمىسا، بۇ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ رولى چەكلىك بولۇپ قالىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ ئۆزىلا سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمەلىي تەدبىقلاشتا بولسا، سىياسىي ھوقۇقنىڭ بۇرمىلىنىشىدىن ساقلىنىش تېخىمۇ تەس. بەزى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى زىيانكەشلىكلىرى پۈتۈن دۇنياغا ئايان، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ھېچقانداق قارار چىقىرىپ باقمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە ئەيىبلەشمۇ، ئەيىبلىمەسلىكمۇ ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرىنىڭ ئاۋازىغا قويۇلىدۇ. چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىلمۇ خىل دىپلوماتىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەيىبلىمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەتكۈدەك بايلىققا ئىگە. لېكىن كۇبا ياكى تۈركىيەدەك كىچىك دۆلەتلەر بولسا، ئۇنداق قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ھەقىقىي يولغا قويۇش ئىنتايىن تەس. ھەقىقىي يولغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى «تاللىۋېلىنغان ھەققانىيەت»لا يولغا قويۇلىدۇ، خالاس.

لېكىن، ھەققانىيەتنىڭ بولمىغىنىدىن تاللىۋېلىنغىنى بولسىمۇ، بولغىنى مۇھىم ئىلگىرىلەش ئەمەسمۇ؟ 1948-يىلىدىكى «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ۋە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا ئوخشاش داغدۇغا قوزغاپ، دۇنيانىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دۇنيايىمىز ھەقىقەتەن ئۆزگەردى. مۇشۇ خىتابنامە بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى دۆلەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىك هوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوپۇز : بىر ھۆكۈمەت ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خەلققە نىسبەتەن سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس ، ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ خىيالىغا كەلگەننى قىلىشقا ھوقۇقلۇق ،باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ھەققى يوق ،دەپ قارىلاتتى .كىشىلەر مۇشۇ ئەسىردىكى خىلمۇ خىل قىرغىنچىلىقلار ۋە نەسلىنى قۇرۇتۇشلاردىن ئىككى خىل بىلىش ھاسىل قىلدى : بىرىنچىسى ،قىرغىنچىلىق ۋە نەسلىنى قۇرۇتۇش سىرتقا قارىتىلغان ئۇرۇشتا يۈز بېرىپلا قالماستىن ، بىر دۆلەت ،بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىمۇ يۈز بېرىدىكەن ، يەنە كېلىپ ئىچىگە قارىتىلغىنىنى تېخىمۇ رەھىمسىزرەك بولىدىكەن ؛ئىككىنچىدىن ،ئۆز خەلقىگە شەپقەت قىلمايدىغان دۆلەت ناھايىتى ئاسانلا تاجاۋۇزچى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن .

## دەريا-دەريا قان ئاققان ئەسىر

بىرقانچە ئون مىليون ئادەمنىڭ ھاياتى بەدىلىگە مۇنداق بىر بىلىش ھاسىل قىلىندى :كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئەمدى كونكرېت قىلىپ بىلدۈرۈلمىسە بولمىغىدەك .مۇشۇ خىتابنامە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ،ئايرىم ھۆكۈمەتلەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان ھوقۇقنى يۈرگۈزۈۋېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . گەرچە ئاشۇ دۆلەتلەر ئىلگىرىكىدەكلا قورال كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ ،خەلقى ئىلگىرىكىدەكلا قىرغىن قىلىنىۋاتقان ¹،قامىلىۋاتقان بولسىمۇ ،كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى بىر ئىشنى قىلالىدى : ئەخلاقىي جەھەتتىن ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىرىشتۈردى .چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىماسلىقى ئېھتىمال ، ئەمما ئاشۇ چوڭ دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەقەززالىق بىلەن بارلىق ئامال-چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ،ئەيىبلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنىڭ ئۆزىلا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ۋەزنىنى ئىپادىلەپ بەردى .1966-يىلى ماقۇللانغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق ھەققىدە خەلقئارا ئەھدىنامە»گە بارغانسېرى نۇرغۇن دۆلەت كەينى-كەينىدىن ئىمزا قويدى .مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ سىرتىدا قالغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى ،مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .مانا شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر :خوش ،قېنى ،ئىشلارنى ئەمدى ھۆججەتكە ئاساسەن مۇزاكىرە قىلىپ باقايلىچۇ ! . . . دېيەلەيدىغان بولدى .

20-ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەسىرى بولدى .ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ،ناتسىستلارنىڭ زەھەرلىك گاز بۆلۈملىرى ،ھېسابسىز ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدىغان ئاتوم بومبىسى ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى رەھىمسىزلىك ، «گۇراگ تاقىم ئاراللىرى»دىكى شەرمەندە ۋەھشىيلىك ،بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنادىكى تۈمەن كىشىلىك جەسەت ئازگىلى . . . ئىنسانىيەت تارىخىدا ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇنداق زور كۆلەمدە ئويناشقان دەۋر ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ؛ پەن-تېخنىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قانخور ئىپتىدائىي ھايۋانىيلىق بىلەن مۇنداق ئۇلۇغ تاناسىپ ھاسىل قىلىپ باقمىغان .بىز دەريا بولۇپ ئاققان قانلارنى توختىماي كېچىپ كېلىپ ،20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە مۇنداق بىر يېڭى ھادىسىنى كۆردۇق : بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا ئىچكى ئۇرۇشىدا پۇقرالارنى قىرىشقا بۇيرۇق بەرگەن قوماندىرلارغا خەلقئارا سوت ھۆكۈم ئېلان قىلدى . چىلىدىكى مۇستەبىت پىنوچېت ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا پاجىئەلىك ئۆلگەن كىشىلەر ئۈچۈن سوراق قىلىندى .خەلقئارادا ئاستا-ئاستا مۇنداق بىر ئورتاق تونۇش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى :ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ ، ئەمدى «دەۋرنىڭ تراگېدىيىسى» ، «تۈزۈمنىڭ قۇربانلىرى»دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنىڭ ھىمايىسىدە جىنايى جاۋابكارلىقتىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ .

قىرغىنچىلىق ھېلىمۇ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ . ھازىرنىڭ ئۆزىدە ،ئافرىقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرى چاپقۇلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ،جۈملىدىن ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى چېپىپ تاشلاۋاتىدۇ .6ياشلىق بىر بالىنىڭ قولىنى دەرەخنىڭ توپىدىن چېقىپ قالغان يىلتىزىغا قويۇپ تۇرۇپ چېپىپ تاشلىدى ،مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت قىساس ئېلىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ .كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئازاب چېكىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ .لېكىن كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئەسلىدىلا خۇدا ئەمەستە - ناۋادا خۇدا بار بولسا ،كىشىلىك ھوقۇق دېگەن ناھايىتى بىر ئادەملەرنىڭ توغرا بىلىشى بىلەن ھايۋانىيلىق ئارىسىدىكى كۈچ نىسبىتى تەڭ كېلىپ قالغان ئارغامچا تارتىشىش ،ئايىغى چىقمايدىغان دوئېل .ئەمما

شۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇكى، خەلقئارادا سىياسىي جاللاتتىن بىرى چەكلەنسە، ھەرياكى بىر قىسىم ھالىنىڭ قولى چېپىلىشتىن ئامان قالىدۇ.

## دېموكراتىيە كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلىكمۇ؟

12-ئاينىڭ باشلىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پراگادا كىچىكرەك خەلقئارا يىغىن ئۆتكۈزدى. مەن نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان 15كىشىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن چېخىيىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. چېخىيىنىڭ يىغىن ئورنى قىلىپ تاللىنىشى ئالاھىدە مەناغا ئىگە ئىدى: 1968-يىلدىكى «پراگا باھارى»نىڭ مەغلۇب بولۇشى، 1989-يىلدىكى «دۇخاۋائىنقىلابى»نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى دېگەندەك، چېخ خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرى ئەزەل-ئەزەلدىن دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاۋىل، كوندۇرا دېگەندەك جاراڭلىق ئىسىملار مۇشۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. ئىلگىرى ئېزىلگەن كىشىلەر، ئېزىشكە قارشى تۇرغان كىشىلەر ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىدىغان بولامدۇ، قانداق؟

ناتايىن. ئۆزى ئەركىنلىككە ئېرىشىپ ھوقۇقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بىرلا ئۆرۈلۈپ باشقىلارنى ئېزىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. يېڭىدىن گۈللەنگەن دېموكراتىك دۆلەت چېخىيىدە 350مىڭ سىگان ھوقۇقى كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەن ئاجىز مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى زورلۇق بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. زورلۇق خاراكتېرىدىكى نەرسىلەر يوقالغاندىن كېيىن، «خەلق رايى»تۆرگە ئۆتتى. لېكىن خەلق رايى - يەنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر سىگانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بەكلا يامان كۆرىدۇ ۋە مەنسىتمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق «خەلق رايى»تامامەن «قانۇنلۇق»بولغان مىللىي كەمسىتىشكە ئېلىپ بارىدۇ. كىچىكرەك بىر شەھەرچىنىڭ ئاھالىسى ھەتتا ئاۋاز بېرىشىپ، شەھەرچە ئىچىگە 4مېتر ئېگىزلىكتە سېمونت تام سېلىپ، شۇ شەھەرچىدىكى سىگانلارنىڭ يولىنى توسۇۋېتىشكە قوشۇلغان. ئۆز ۋاقتىدا زوراۋانلىققا قارشى تۇرغۇچى كىشىلەر كانىيى يىرتىلغىچە ۋارقىرىغان كىشىلىك ھوقۇق، ھەققانىيەت، ئادىللىق ۋەھاكازالار ئەمدى بولغاندا نەلەرگە كەتتى؟

دېمەك، دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈشى ناتايىن، چۈنكى شۇ تۈزۈم ئاستىدا ھوقۇق يۈرگۈزگۈچى كىشىلەردە مۇكەممەل كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئادەم كىشىلىك ھوقۇقنى تولۇق تونۇپ يەتمىسە، دېموكراتىك تۈزۈممۇ كۆپ سانلىقلارنىڭ ئاز سانلىقلارنى ئېزىشىگە ياردەم بېرىدىغان قانۇنلۇق قورالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ تەجرىبىخانىسى بولغان بۈگۈنكى تەيۋەندە مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تەيۋەنلىكلەر خۇددى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك قايتا-قايتا سايلام ئۆتكۈزۈش بىلەن ئاۋارە. كىشىلىك ھوقۇق تەيۋەننىڭ سىياسىي مۇھىتىدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىلىكتىنمۇ قېپقالغان نورغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دېگەنلەر جىياڭ جەمەتىنىڭ «نوپۇزلۇق دەۋرى»ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەسىلە بولۇشتىن قالغان.

لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، تەيۋەندە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمدىلەتىن سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشقا باشلىدى.

سايلام دېگەن مەقسەت ئەمەس، بەلكى ۋاستە. ئەگەر ۋاستىنىڭ ئۆزىگىلا شۇنداق نۇرغۇن ئىجتىمائىي بايلىق سەرپ قىلىنسا، ئۇ ھالدا سايلامنىڭ مەقسىتىگە يەنە قانچىلىك ئىجتىمائىي بايلىق، ئىجتىمائىي ئەقىل-پاراسەت قالىدۇ؟ سايلامنىڭ مەقسىتى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مەقسىتى جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئادىل قىلىش، ھەققانىيەتنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش، يەنى تېخىمۇ كۆپرەك ئادەملەرنى كىشىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىش. ئۇنداقتا،

تېيۈەندە كىشىلىك ھوقۇق ھازىر قايسى سەۋىيىدە؟ ئەسلىدىكى يەرلىك خەلقلەر قانۇنىي جەھەتتە ۋە ماھىيەت جەھەتتە خەنزۇلار بىلەن تامامەن باراۋەرمۇ؟ تېيۈەنلىكلەر بىلەن تۇرمۇش قۇرغان چەت ئەل تەۋەلىكىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئادىل ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالامدۇ؟ چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىشلەمچىلەر قانچىلىك كەڭ دائىرىلىك خورلۇقلارغا ئۇچراۋاتىدۇ، قانچىلىك سەۋىيىدىكى قوغداشقا ئېرىشىۋاتىدۇ؟ تېيۈەن ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقلۇق كېلىنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى تېيۈەن خەلقىنىڭ ئۆزىگە قاراتقان ئەخلاق تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ؟ تېيۈەنلىك سودىگەرلەرنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا مەبلەغ سېلىپ ئاچقان زاۋۇتلىرىدىكى يەرلىك ياللانما ئىشچىلارغا قاراتقان بەزىبىر رەھىمسىز مۇئامىلىلىرىنى مەدەنىيەتلىك تېيۈەنلىكلەر قوبۇل قىلالامدۇ؟ ئىگە-چاقىسىز قېرىلارنىڭ جەسەتلىرىنى لالما ئىتلارنىڭ يەپ كېتىشى، بوۋاق بالىلارنىڭ خارلىقتا ئۆلۈپ كېتىشى، ئارامغا چىققان قېرى ئەسكەرلەرنىڭ قېرىلار ساناتورىيىسىنىڭ مۇھىتىغا كۆنەلمەي ئۆلۈۋېلىشى ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈشى، ساقچىلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كېتىپ ئۆلۈۋېلىشى، ۋەزىپىدىكى ھەربىيلەرنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى، روھىي كېسەللەرنىڭ 20يىلغىچە زەنجىردە باغلاپ قويۇلۇشى . . . . مانا مۇشۇلارنىڭ قايسىبىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس؟

ئەمەلىيەتتە، بىر جەمئىيەت نوپۇزلۇق سىياسىي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى ئۈستىدە ھەقىقىي ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا بىرەر داھىي ياكى تومتاق ھۆكۈمەت ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ نازارەتنى ۋە تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھوقۇققا ئېرىشكەن كىشى ئۆزىدىن ئاجىز كىشىنىڭكە ئادىل مۇئامىلە قىلالامدۇ؟ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان، ھەتتا كەمسىتىدىغان ئادەمنى ھۆرمەت قىلالامدۇ؟ مەيدانى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟ بۆلۈك-پۇشقاقلارغا سولىنىۋېلىپ ئۆزى كۆكلەپ، ئۆزى قۇرۇپ ئۆتۈۋاتقانلارنى بىز كۆرەلەمدۇق؟ بىز ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان، زۇۋانىنىمۇ چىقىرالمايدىغانلارنى قوغدىدۇقمۇ؟ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئۆكتىچىلىرى ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئەڭ يامان غەيرىي پىكىرلىكلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنى ھەقىقىي چۈشىنىپ باققان ئەمەس. ئۇلار ئاۋام خەلق ئۆزىگە بەرگەن ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ ھوقۇقى دەپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي خاھىشىنى ئومۇمىي ئېھتىياج، دەپ قارايدۇ. بىز مۇشۇنداق ئادەملەرنى، مۇشۇنداق تارىخنى تولا كۆرگەن. سۈپىتى مانا شۇنچىلىك كىشىلەر تۇتقان ھاكىمىيەت ئاخىرى بېرىپ بىر بولسا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىدىغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە، بىر بولسا، كۆپ سانلىقلار ئاز سانلىقلارنى ئېزىدىغان «دېموكراتىيە»گە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشى ئېنىق. ئۇنىڭ قارشى تەرىپى بولغان دېموكراتىيە پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنىڭ تۇنجى قەدىمى، خالاس. بىرەر جەمئىيەتنىڭ ئادىللىققا ۋە ھەققانىيەتكە قاراپ مېڭىشىمۇ پەقەت دېموكراتىيىدىن باشلىنىدۇ.

لېكىن بۇ نەقەدەر مۇھىم باشلىنىش-ھە!

---

«جەنۇب ھەپتىلىك گېزىتى»نىڭ 1998-يىل 25-دېكابر سانىدىن

م. ئەزىزى، غەنى ۋەلى تەرجىمىسى(M1)

بۇ سان 1999-يىل 10-ئىيۇندا تىزىشقا يوللاندى
30-ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)،
رىسالەت مۇھەممەت(M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

## سەنئەتكارلىرىمىز

### ھەيكەلتىراش ئەبەيدۇللا مۇھەممەت




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1999 ـ يىل 4 ـ سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498

مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1060/I

مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

主办:新疆维吾尔自治区文化厅

编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号:ISSN1008—6498

国内统一刊号:CN65—1060/I

发行范围:国内外发行

地址:乌鲁木齐市团结路 72 号

邮编:830001　电话:2856942

印刷:《新疆日报》印刷厂

发行:乌鲁木齐市邮局

订阅:全国各地邮局

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 3 يۈەن

邮发代号:58—22　定价:3元

www.uyghurkitap.com

# ھەيكەلتىراش ئەبەيدۇللا مۇھەممەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما










1. ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئېنسكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىي

2. شائىر، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ھۈسەينخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللى

3. مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا

4. ئۇستاز سازەندە، كومپوزىتور تاشۋاي

| 3 | 2 | 1 |
|---|---|---|
| | | 4 |